چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# سىرلىق ئارال

ژيۇل ۋېرن [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇنجان تۇنىياز

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 978-7-80658-929-8

9 787806 589298 >

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# سىرلىق ئارال

ژيۇل ۋېرن [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى



بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**سىرلىق ئارال**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787×970 mm 1/32 : باسما تاۋىقى: 6.5

ISBN 978-7-80658-929-8

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：穆巴拉克·阿帕尔
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：吐尔洪·吐尼亚孜
艾比布拉·艾力
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析
神秘岛（维文）
托合提·巴克　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年5月第1版　2009年8月第2次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6.5
ISBN 978-7-80658-929-8

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ژيۇل ۋېرن (1828 ـــ 1905) فرانسىيىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانى يازغۇچىسى. ئۇ، نانت شەھىرىدىكى بىر سودىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 19 يېشىدا پارىژغا كېلىپ قانۇن ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈر-گەندىن كېيىن سودىيە بولۇشنى خالىماي، تىياتىرخا-نىغا سەھنە ئەسىرى يېزىپ بەرگەن.

ژيۇل ۋېرنىنىڭ 66 پارچە رومانى ۋە سەھنە ئەسىرى، شۇنىڭدەك ئالتە توملۇق «ئۇلۇغ ساياھەتچى ۋە ئۇنىڭ ساياھەت تارىخى» دېگەن ئەسىرى بار. باش تېمىسى «مەلۇم بولغان ۋە مەلۇم بولمىغان دۇنيادىكى ئاجايىپ ساياھەتلەر» دېگەن بىر يۈرۈش ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتى بولۇپ، بۇ رومانلارنىڭ يېزىلىش دائىرىسى يەر شارىدىن ئالەم بوشلۇقىغىچە، گېئولوگىيە، جۇغراپىيىدىن دېڭىز قاتنىشى ھەم ئالەم قاتنىشىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەشھۇر ترىلوگىيە «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى»(1868)، «دېڭىز ئاستىدىكى 20

مىڭ مىللىق سەپەر» (1870) ۋە «سىرلىق ئارال» (1875) ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. «سەكسەن كۈنلۈك يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرى» (1873) ئەڭ قارشى ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. باشقا مۇھىم ئەسەرلىرىدىن يەنە «ھاۋا شارىدىكى بەش ھەپتە» (1863)، «يەر مەركىزىگە ساياھەت» (1864)، «يەر شارىدىن ئاي شارىغىچە» (1865)، «ئاي شارىغا ساياھەت» (1870)، «ماشىنا ئارال» (1895) قاتارلىق ئىلمىي فانتا-زىيە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان كۆپلىگەن رومانلىرى بار.

ژيۇل ۋېرن «ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىلىرىنىڭ پېشۋاسى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە 19 ـ ئەسىر «ماشىنا دەۋرى» دىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى ۋە خىيالى ئۇبرازلىق ۋە مۇبالىغە قىلىنغان ئاساستا ئەكس ئەتتۈ-رۈلگەن ھەمدە غەرب بىلەن ياپونىيە ھازىرقى زامان فانتازىيە ھېكايىلىرىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان. ئېلىمىز فانتازىيە ھېكايىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۇ-نىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئە-سەرلىرى رېئاللىق بىلەن خىيالنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەزى مۇھىم ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقە-لەرنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ،

جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە قۇللۇق تۇ-زۇمىگە قارشى تۇرىدىغان ئىلغارلىق خاھىشلىرىنى يو-رۇتۇپ بەرگەن. ئۇ ئىلىم-پەن بىلىملىرى ئاساسىدا كەلگۈسىنى دادىل قىياس قىلغان، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئىلمىي قىياسلىرىنىڭ ئاساسەن توغرىلىقى كېيىنكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

ژيۇل ۋېرنىنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تىلى راۋان، ۋەقە-لىكى چىگىش، پېرسوناژلىرى جانلىق بولۇپ، كىشىنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىلىم، قىزىقىش ۋە ئى-جادىيلىق مۇجەسسەملەشكەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تە-بىئىي پەن جەھەتتىكى نۇرغۇن بېشارەت ۋە قىياسلار ھېلىھەمۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئىلھام بەرمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نەچچە ئون خىل تىلغا تەرجىمە قى-لىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقىلىپ، سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازا-ۋەر بولدى.

# 1

1865 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى قاتتىق بوران چىقتى. يەر ـ جاھانغا ئاپەت يېغىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ھاۋا بوشلۇ- قىدىمۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: ھىدروگېن گازى قاچىلانغان بىر شارنى قۇيۇن ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. شارغا ئېسىلغان سېۋەتتە بەش يولۇچى بار ئىدى. بوران ئېلىپ كەتكەن بۇ شار ئېگىز بوشلۇقتا چىققاندىن كېيىن قارا قۇيۇننىڭ ئوتتۇ- رىسىدا پىرقىراپ، سائىتىگە 90 دېڭىز مىلى* تېزلىكتە ماڭدى.

— بىز كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىمىزمۇ؟

— ياق! سىمىت ئەپەندى! چۈشۈپ كېتىۋاتىمىز!

— ئۇنداقتا، ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېزدىن تاشلىۋېتىڭلار!

1865 ـ يىلى 23 ـ مارت كۈنى تىنچ ئوكياننىڭ بى- پايان ئاسمىنىدا ئۇشتۇمتۇت ۋاقىرىغان قاتتىق ئاۋازلار ياڭرىدى. شار سېۋىتىدىكى بەش يولۇچىنىڭ ئۆزلىرى- نىڭ قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى، قانچىلىك مۇساپە ئۇچقانلىقىنى مۆلچەرلىگۈدەك ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

*بىر دېڭىز مىلى 1852 مېتىرغا تەڭ — مۇھەررىردىن.

ئۇلار ھاۋا بوشلۇقىدا بوران ئىچىدە قالايمىقان ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ۋاقتىنچە ئامان - ئېسەن ئىدى. ئوق - دورا، قورال - ياراغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەر تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، شار يەنە ئاتموسفېرانىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە كۆتۈرۈلدى. سېۋەتتىكى يولۇچىلار تۆۋەندىكى بىپايان دېڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خەتەرنىڭ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىمۇ تاشلىۋەتتى. ئۇلار شار ئىچىگە قاچىلانغان ھىدروگېن گازىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى قوللاندى.

چۈش بولاي دېگەندە، دېڭىز ئاسمىنىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شار ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ كەتتى. شار ئىچىدىكى گاز ئاز - ئازدىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئاستا - ئاستا سولىشىپ، سېۋەت بىلەن سۇ يۈزىنىڭ ئارىلىقى 600 فۇت * تەكلا قالدى. ھىدروگېن گازى بىر يېرىقتىن ئۈزلۈكسىز چىقىۋەردى، ئۇنى رېمونت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىدروگېن گازى ئۇلارنىڭ شارىنىڭ جېنى ئىدى، ھىدروگېن گازى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار بىپايان دېڭىز ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرەلەيتتى.

* بىر فۇت (ئىنگلىز چىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 0.3048 مېتىرغا تەڭ — مۇھەررىردىن.

شارنى يېنىكلىتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىسى شارغا باغلانغان سېۋەتنى كېسىپ تاشلاپ، يولۇچىلار شارنىڭ سىرتىغا قاپلانغان تورغا ئېسىلىۋېلىش ئىدى. سېۋەتنىڭ شارغا باغلانغان ئارغامچىلىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن سېۋەت چۈشۈپ كېتىپ، شار ئىككى مىڭ فۇت ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يولۇچىلار شارنىڭ تورىغا ئېسىلىپ، پەستىكى چوڭقۇر دېڭىزغا كۆز تىكتى. غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئۇچقان شار ئەتىگەندىن بىرى نەچچە يۈز دېڭىز مىلى يول باستى؛ سائەت تۆتلەردە، شار بىلەن سۇنىڭ ئارىلىقى پەقەت 500 فۇتتەكلا قالدى. شار بارغانسېرى سولىشىۋەردى، ئۇنىڭغا قاچىلانغان ھىدروگېن گازى ناھايىتى ئاز قالغانىدى، نەق شۇ پەيتتە، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن قۇرۇقلۇقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، شارنىڭ ھېلىقى كۆرۈنگەن يەرگە يېتىپ بېرىشىغا بىر دېڭىز مىلىدەكلا ئارىلىق قالدى. يولۇچىلار ئارغامچىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇلار ئاخىر قۇمساڭغۇ دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ چۈشتى. يولۇچىلار بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ، تور ئارغامچىسىدىن بوشىنىپ چىقتى. يېنىكلىشىپ قالغان شار شامالدا گويا يارىلانغاندىن كېيىن پاتلا ھوشىغا كېلىپ ئۇچۇپ كەتكەن قۇشتەك، ھايال ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولدى. سېۋەتتە ئەسلىدە بەش يولۇچى ۋە بىر ئىت بار ئىدى،

يەرگە تۆتلا ئادەم چۈشتى. ئېھتىمال ئۆلارنىڭ يەنە بىر ھەمراھىنى بايا شار دېڭىز دولقۇنىغا سوقۇلغاندا، دېڭىز دولقۇنى ئېقىتىپ كەتكەن بولسا كېرەك. خەتەرگە ئۇچ-رىغان بۇ تۆت ئادەم پۇتلىرى يەرگە تەگكەندىن كېيىنلا، بىر ھەمراھىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ ۋارقىرىشىپ كەت-تى. بوراندا شار بىلەن ئۇچۇپ ئارالغا كېلىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھاۋا شارى كەسپىي ئۇچقۇچىلىرىمۇ ئەمەس، ھاۋا سەيلىسىنى ياقتۇرىدىغان ھەۋەسكارلارمۇ ئەمەس، بەل-كى رىچموند شەھىرىگە قاماپ قويۇلغان ئۇرۇش ئەسىر-لىرى ئىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق جەنۇب بىلەن شىمال ئۇرۇشى مەزگىلى ئىدى، رىچموند شەھىرى بىلەن بۇ جاينىڭ ئارىلىقى يەتتە مىڭ دېڭىز مىلى بولۇپ، ئۇ بۆلگۈنچى-لەرنىڭ قورغىنى ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئەمدى بىز بۇ بەش يولۇچىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقايلى: سايرۇس سىمىت يېشى 45 لەردىكى ماسساچۇ-سېتسلىق ئىنژېنېر بولۇپ، جەنۇب بىلەن شىمال ئۇ-رۇشى مەزگىلىدىكى جەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قاتناشقان. گېديون سپىلېت «نيۇيورك ئاۋانگارتلىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، سايرۇس سىمىت بىلەن بىر كۈندە ئەسىرگە چۈشكەن، بەستلىك، يېشى 40 تىن ئاشمىغان، ھوشيار ئادەم. ئۇنىڭ تېنى بېجىرىم ـ ساغلام،

ھەرىكىتى چاقچاق بولۇپ، ھەممە جەڭدە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بىر قولىدا خاتىرە دەپتىرىنى، بىر قولىدا ئالتە ئاتارنى تۇتۇپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا يۈرۈپمۇ قەلىمىنى توختاتماي خاتىرە ۋە ماقالە يازاتتى. سايرېس سىمىتنىڭ خىزمەتكارى ناب قاۋۇل، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، 30 ياشلاردىكى نېگىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇل ئىدى. سايرېس سىمىت قۇللۇقنى بىكار قىلغۇچىلار تەرەپدارى بولغانلىقتىن، ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئازاد قىلغانىدى. ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خوجايىنىغا چەكسىز سادىق بولغاچقا، خوجايىنىنىڭ يېنىدا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. دېڭىزچى پېنكروف 40 ياشلارغا كىرىپ قالغان، قاۋۇل ـ بېجىرىم، تېنى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن، ئوتلۇق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ يەر شارىدىكى دېڭىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلىغان، ھەممە خېيىمخەتەرنى كۆرگەن، يۈرەكلىك، دادىل، جەسۇر، ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا تەييار ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا تېڭىرقىمايدىغان ئادەم ئىدى. خاربېرت براۋن تېخى بالا بولسىمۇ، ھەممەيلەن ئۇنى ياقتۇراتتى. يولغا چىقىدىغان كۈنى كەچتە ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، سايرېس سىمىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ مەيدانغا يىغىلدى. بەش ئەسىر

شار سېۋىتىنىڭ تۈۋىدە ئۇچراشتى، كېچە بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ھېچكىم بايقىمىدى، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىر - بىرىنى ئاران تەستە كۆردى. ئۇلار ئاستاغىنە سېۋەتكە جايلىشىۋېلىپ ئارغامچىنى يېشىۋې- تىپ ئوت تۇتاشتۇرۇش جۇمىكىنى ئاچتى - دە، تېزلا شار بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ تاپتا ئۇلارنى شامال ئۇچۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋەتىنىدىن نەچچە مىڭ دېڭىز مىلىچە يىراقلىقتىكى قاقاس ئارالغا ئاپىرىپ قويغانىدى.

## 2

ئىنژېنېر شار تورىنىڭ يىرتىلغان يېرىدىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنى يۇتۇپ ئېقىتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئامراق ئىتى توپمۇ بىللە يوقالغانىدى.

— ماڭايلى! — دەپ ۋارقىرىدى گېديون سپىلېت.

سپىلېت، خاربېرت، پېنكروف ۋە ناب تۆتىلىسىلا ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق ھېرىپ ماجالى قالمىغانلىقىنى يا- دىدىن چىقىرىپ، ئىنژېنېرنى ئىزدەپ كېتىشتى. ساي- رىس سىمىتنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلى- رىنىڭ قىرغاققا چىقىپ قېلىشى ئارىلىقىدا ئىككى



مىنۇتمۇ ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار سايرىس سىمىتنى ۋاقتىدا تېپىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئۇلار پات ـ پات توختاپ، بار ئاۋازى بىلەن چاقىراتتى، لېكىن ھېچقانداق جاۋاب سادا قايتمىدى. ئۇلار ئالاھازەل بىر. نەچچە دېڭىز مىلى يول ماڭغاندىن كېيىن، ھېرىپ ـ چارچاپ ماجالىدىن كەتتى. بۇ گىياھنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇنۇمسىز، تاشلىق كىچىك ئارال بولۇپ، بۇ قاقاس ئارالنى دېڭىز قۇشلىرىلا ماكان تۇتقانىدى. ئۇلار بۇ قاقاس، تاشلىق ئارال كەڭرەك بىر ئارالنىڭ بىر بۆلىكىمىدۇ ـ يا؟ دېگەن مۆلچەر بويىچە ئالدى ـ كەينى. گە مېڭىپ چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سادا. سىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتكۈل ئارال تىمتاس جىم. جىت ئىدى.

قاراڭغۇ كېچە ئۆتۈپ كەتتى، پۈتكۈل ئارال ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، غەرب تەرەپتىكى تىك قىر. غاقنىڭ كەينىدە بىر پارچە قۇرۇقلۇق بار ئىدى. شۇ يەرگە بېرىۋالسىلا، ئۇلارنىڭ ھەرھالدا ۋاقىتلىق جان ساقلىيالايدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بۇلار تۇرغان كى. چىك ئارال بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ ئارىلىقىنى كەڭلىكى يېرىم دېڭىز مىلى كېلىدىغان، شاۋقۇنلۇق تېز ئېقىن. لىق بوغۇز بۆلۈپ تۇراتتى. نېگىر ناب خوجايىنىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئالدىراپ تاقەت قىلىپ تۇرالماي، تەۋەككۈل

قىلىپ بوغۇز سۇيىگە چۈشۈپ ئۈزۈپ كەتتى. چۈش بولغاندا، دېڭىز تاشقىنى قايتىپ، بوغۇزنىڭ قۇم باسقان تېگى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالدى، سۇ ئاققان جاي سا-ھىل بولۇپ قالدى. ئۇچەيلەن تار سۇ يولىدىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا چىقىپ، كېيىنكى قەدەمدە قانداق قى-لىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە كى-رىشتى. سىپىلېت قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە پېنكروف بىلەن ئۇچرىشىدىغان بولۇپ ۋەدىلەشتى-دە، بىرنەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا ناپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ قىرغاققا چىقتى؛ پېنكروف ئۇنى شۇ يەردە كۈتمىدىغان بولدى. سىپىلىت دوقمۇشتىن بۇرۇلدى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

— خوش، — دېدى پېنكروف، — ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالار، پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلايلى. بىز چارچىدۇق، مۇزلىدۇق، ئېچىرقاپ كەتتۇق. دېمەك، بىز پاناھ جاي، ئوت ۋە ئوزۇقلۇق تېپىشىمىز كېرەك. ئور-مانلىقتا ئوتۇن بار، ئۇۋىلاردا تۇخۇم بار، كەم نەرسە پە-قەت تۇرالغۇ جايلا.

— بولىدۇ، — دېدى خاربېرت جاۋابەن، — بىز پا-ناھلانغۇدەك بىرەر ئۆڭكۈر بارمىكىن، قاراپ كېلەيلى.

ئۇ ئىككىسى دېڭىز ساھىلىدىكى چوڭ قىيا تاشنى بويلاپ ماڭدى. تاشنىڭ تۆپىسىدە سەدەپ قۇلۇلىسى ..

ھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار سەدەپ قۇلۇلىسىنى يەپ تو-يۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كىچىك قولتۇقتىكى بىر دەريانى بايقىدى، دەريانىڭ سۈيى گرانت قىيا تاشنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، يېرىم دېڭىز ملى نېرىسىدىكى قېلىن ئورمانلىققا كىرىپ كېتەتتى.

پېنكروف بىلەن خاربېرت تاش دۆۋىلىرى ئارىسىدىكى بىر ئۆڭكۈرنى تاپتى، ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— بۇ دەل بىزگە كېرەكلىك جاي ئىكەن، — دېدى پېنكروف ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بىز ئوچاقنى سول تەرەپتىكى ئۆتۈشمىگە ئورۇنلاشتۇرساق، ئاندىن بىر جاينى ئىس چىقىدىغان مورا قىلىپ قالدۇرۇپ قويساق بولغۇدەك، بۇ بىزگە بىر پاناھ جاي بولىدۇ.

خاربېرت بىلەن پېنكروف ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئورمانلىققا بېرىپ بىرمۇنچە ئوتۇن يىغدى، ئوتۇنلارنى باغلاپ قىرغاققا توشۇدى، ئۇلار تىك قىيانىڭ يېنىدا يەنە نۇرغۇن شاخ ـ شۇمبىلارنى بايقىدى. پېنكروف شۇ ھامان سال ياساشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار يوغان ـ يوغان قۇرۇق پۇتاقلىق شاخلاردىن بىر ـ نەچچىسىنى قۇرۇق يۆگىمەچ بىلەن باغلاپ قىرغاققا ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئۆزلىرى يىغقان ئوتۇننى سالغا دۆۋىلىدى. شۇنداق قىلىپ،

ئۇلارنىڭ ئىشى ئاياغلاشتى. ئۇلار ئوتۇن دۆۋىلەنگەن سالنى دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەندە قويۇپ بېرىش ئۈچۈن قىرغاقتا كۈتۈپ تۇردى. دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلدى، سالمۇ لەيلىدى. پېنكروف ئۆزى ئېشىۋالغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سالغا باغلاپ، بىر ئۇچىنى قولىدا تۇتتى، خار-بېرت قولىغا ئۇزۇن خادىنى ئېلىپ، سالنى قىرغاققا يېقىن كەلتۈرمەي ئىتتىرىپ ماڭدى. ئۇلار گرانىت تاش-لىق ئېگىزلىكنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ قىرىنى بويلاپ قايتىپ ماڭدى، سائەت ئىككىدىن ئىلگىرى سۇ ئېقىنى بۇرۇلىدىغان جايدىن ئۆتۈپ قايتىپ كەلدى.

سالدىكى ئوتۇننى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، پېنكروف ئۆڭكۈرنى پاناھ جاي بولغۇدەك ھالەتكە كەل-تۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۇركىرەپ شامال ئۆتۈشۈپ تۇرغان تۆشۈكلىرىنى قۇم، تاش، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن لايلاپ ھەم قىلىپ ئەتتى. شامال ئۆتۈشۈپ تۇرسۇن دەپ بىر يوچۇق قالدۇردى. ئارقىدىن ئۇ يەنە ئوچاق ياسىدى. ئوچاقنىڭ ئىچىگە ئوت قالاپ تاماق ئېتىش ئۈچۈن، بىرقانچە پارچە ئوتۇن سېلىپ قويدى. بۇ چاغدا خاربېرت ئۇنىڭدىن سەرەڭگە سورىدى. پېنكروف تاماكاخۇمار ئادەم بولغاچقا، ئادەتتە ئۇنىڭ يېنىدىن سەرەڭگە ئۈزۈلمەيتتى، ئۇ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى، بىراق قىممەتلىك سەرەڭگە قېپى تېپىلمىدى ـ دە، ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولدى. ئۇ خار-

بىرىت بىلەن بىللە يوقالغان سەرەڭگىنى ئۆزلىرى ئالدىدا بارغان قىيا تاشلارنىڭ ئارىسىدىن، قۇم ئۈستىدىن، دەريا بويىدىن ئالىقانچە يەر قالدۇرماي ئىزدەپ كۆردى، ئەمما يەنىلا تاپالمىدى. پېنكروف قاتتىق قايغۇرۇپ، بىر ئې-غىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

ناب بىلەن سپىلېت قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسى سايرېس سىمىتنى ئىزدەپ تاپالماي، قاتتىق ھېرىپ ــ چارچىغانلىقتىن كېلىپ بىر تاشنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇردى، ئۇلار كۈن بويى ئاغزىغا گىياھمۇ سالمىغانلىقتىن، ئاچلىقتىن ھالسىرىغان، ھەتتا سۆزلەشكىمۇ قۇدرىتى يەتمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدى. نابنىڭ كۆز-لىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، پېنكروف نېگىرغا ئىچى ئاغرىپ بىرقانچە سەدەپ قۇلۇلىسىنى سۇندى، ئەمما ئۇ ئالمىدى، ئۇ خوجايىنىدىن ئايرىلىپ تاماق يېگۈسى كەلمىدى، ھەتتا ياشاشنىمۇ خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. گېدىيون سپىلېت قۇلۇلىلەرنى تازا ئىشتەي بىلەن يەپ، قورسىقىنى توقلىغاندىن كېيىن قۇمغا بېرىپ ياتتى ــ دە، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تال سەرەڭگىنى چىقار-دى.

ــــ سەرەڭگە!

پېنكروف ۋارقىرىۋەتتى، ئۇ بىر تال سەرەڭگىنى يېنىك سۈركەپلا ياندۇردى ــ دە، ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇردى،

قۇرۇق ئوتۇن پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. خاربېرت ئې-
لىپ كەلگەن قۇش تۇخۇملىرىنى قىزىق كۈلگە كۆمۈپ
قويۇۋىدى، ھايال ئۆتمەي تۇخۇم پىشتى، شۇنداق قىلىپ،
خەتەرگە ئۇچرىغانلار بۇ ناتونۇش دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ،
تۇنجى قېتىم غىزالاندى. مۇخبىر ئۆڭكۈرنىڭ بىر بۇ-
لۇڭىغا بېرىپ، لام ـ جىم دېمەستىن، ئۇلارنىڭ قىلمۇاتقان
ئىشىغا قاراپ ئولتۇردى. سايرېس سىمىت تىرىكمىدۇ؟
تىرىك بولسا نەدە؟ بىز قانداق قىلساق ئۇنى تاپالايمىز؟
دېگەندەك سوئاللار ئۇنىڭ خىيالىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ
غۇۋا يورۇقتىن پايدىلىنىپ شۇ كۈنى يۈز بەرگەن مۇ-
ھىم ۋەقەلەرنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالدى: دەسلەپ
ئۇچرىغان قىرغاق، ئىنژېنېرنىڭ يوقىلىشى، دېڭىز
قىرغاقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزدەش، سەرەڭگىنىڭ ئى-
شى..... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تازا چارچاپ ھالىدىن
كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي
خاربېرتمۇ يېتىپ ئۇخلىدى، دېڭىزچى ئوتقا ئوتۇن
تاشلىغاچ، كېچىچە ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ مۈگدىدى.

خەتەرگە ئۇچرىغانلاردىن بىرىلا ئۆڭكۈردە تۇنىمىدى.
بۇ خوجايىنىدىن ئايرىلىپ قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن
ئاق كۈچۈك ناب ئىدى؛ ئۇ بىچارە ھەمراھلىرىنىڭ نە-
سىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، دېڭىز بويىنى كېزىپ،
يوقالغان غەمگۇزارىنى تۇۋلاپ ـ قىچقىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە

مېڭىپ يۈردى.

25 ـ مارت شۈنداق ئۆتتى. تۈن كېچە بولدى. تاشـ قىرىدىكى شامالنىڭ ھۇۋۇلىشى ۋە دېڭىز دولقۇنـىنىڭ قىياغا ئۇرۇلۇۋاتقان شار ـ شۇر ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا.

3

ئادەمزاتى يوق بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئاسمان سایاھەتچىلىرىنىڭ قولىدا بار مۈلۈكلىرىنى ئوڭايلا تىـ زىملاپ چىقىشقا بولاتتى. ئۇلارنىڭ خەتەرگە ئۇچرىغاندا ئۇچىسىدا قالغان كىيىملىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، گېدىيون سىپىلېتنىڭ خاتىرە دەپتىرى بىلەن سائىتى ئۆزىدە قالغانىدى، ئېھـ تىمال ئۇ بىپەرۋالىق قىلىپ بۇ نەرسىلەرنى تاشلىۋېـ تىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇلاردا قورال ـ سايمان، ھەتتا قەلەمتىراچمۇ يوق ئىدى، ئۇلار سېۋەتنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىـ سىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇلار ئۆڭكۈردە بىرـ نەچچە كۈن تۇرۇپ، بۇ قاقاس ئارالنى تەكشۈرۈشكە تەيـ يارلىق قىلىش قارارىغا كەلدى.

ناپ 26 ـ مارت كۈنى سەھەردە تۇرۇپ، ۋەقە سادىر بولغان ساھىلغا قاراپ ماڭدى. ئۆڭكۈرگە ماكانلاشقۇـ

چىلار كەپتەر تۇخۇمى ۋە قۇلۇلە بىلەن ناشتا قىلىشتى. ناشتىدىن كېيىن، پېنكروف، سىپىلېت ۋە خاربېرت مەسلىھەتلىشىپ، سىپىلېتنى ئۆڭكۈردە قالدۇرۇپ، ئىككىسى ئورمانغا ئوۋ قىلىشقا باردى. پېنكروف ئورمانغا كىرىپلا ئىككى تال توم ھەم چىڭ ياغاچنى سۇندۇرۇۋالدى؛ خاربېرت بولسا ئۇلارنى تاش بىلەن يونۇپ ئۇچلاپ، چوماقنا ئايلاندۇردى. ئۇ شۇ تاپتا بارلىق دۇنياسىنى بىر دانە ئوبدان ئۆتكۈر پىچاققا تېگىشىۋېتىشكە رازى ئىدى. پېنكروف بۇ ئورماندىن بەزى ھايۋانلارنىڭ ئاياغ ئىزىنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ماڭغان ئىزىنى بايقىمىدى. بۇ بەلكى ياخشى ئەھۋالدۇر؛ تىنچ ئوكيان ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئارالدا ئادەمنىڭ بولۇشى خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ئۇلار ئورمان ئىچىدىكى پاتقاقلىق يەردە تېپىرلاپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ ئارىسىدىن بىلىقچى قۇشقا ئوخشايدىغان بىر خىل قۇشنى بايقىدى. پەيلىرى چىرايلىق، قۇيرۇقلىرى ئۇزۇن، ۋالىلداپ تۇرغان بۇ بىر توپ كىچىك قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ دەرەخكە قوندى، ئۇلارنىڭ يەرگە تۆكۈلگەن تۈك ـ پەيلىرى مامۇقتەك كۆرۈنەتتى. خاربېرت چوماقنى ئوينىتىپ، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز خاتىرجەم ئولتۇرغان قۇشلارنى توپ ـ توپى بىلەن ئۇرۇپ پوك ـ پوك يەرگە چۈشۈردى، بۇ كىچىك قۇشلار ئۇچۇپ

كەتمەستىن، دەرەخ شاخلىرىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان. دەك قىلاتتى، ئامان قالغانلىرى چۇرۇلداپ ئۇچقاندا، ئۇ. لارنىڭ يۈزىدىن ئارتۇقى يەر چىشلىگەنىدى. پېنكروف بۇ قۇشلارنى ئىنچىكە چىۋىقتا ئۆتكۈزۈۋالدى، چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئۆڭكۈرگە قايتىپ كەلدى.

كەچ سائەت يەتتە بولدى، ناب تېخى قايتمىدى، پېنك. روف بۇ ئىشتىن بىئارام بولدى، ئۇ نابنى بىرەر ھادى. سىگە يولۇقتىمىكىن دەپ ئەنسىرىدى. خاربېرت نابنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ بىرەر يېڭى ئەھۋالنى بايقىغان ياكى بولمىسا خوجايىنىنى تېپىش. نىڭ بىرەر دېرىكىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. ئۇ نابنى تېپىش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم تەرەددۇتلاندى. پېنكروف بولسا خاربېرتقا بۇ قاراڭغۇ تۈندە ئۇنىڭ ئى. زىنى بەربىر كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەتە بېرىپ ئىزدەيلى دەپ نەسىھەت قىلدى. گېدىيون سىپىلېت پېنكروفنىڭ پىكرىنى ماقۇللىدى، ئۇ كۆپچىلىك بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك دېگەن قاراشتا ئىدى.

كېچە، ھاۋا يامانلاشتى، بوران كۈچەيدى. بوران شەرقىي جەنۇبتىن سوقۇپ، دەھشەتلىك قويۇنغا ئايلىنىپ، قىيا تاشقا ئۇرۇلۇپ گۈركىرىمەكتە ئىدى. كۆپچىلىك قورقۇنچلۇق ھاۋا رايى نابنىڭ قايتىپ كېلىشىگە توس. قۇنلۇق قىلدى، ئۇ چوقۇم بىرەر تاغ ئۆڭكۈرىدە پاناھلىنىپ

تۇرغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشتى. كېچە سائەت ئىككىلەردە، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان پېنكروف بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئىتنىڭ هاۋشىغىنىنى ئاڭلىغانىدى!

— توپ! توپ هاۋشىۋاتىدۇ! ئۇ ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان خاربىرتقا قاراپ ۋارقىراپ تاشلىدى ـ دە، ئوخ-چۇپ قوپتى. ئۇچىلىسى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئې-تىلدى ۋە توپنى چاقىرىشتى. كېچە، هېچنېمىنى كۆر-گىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ ئىدى. سۇمۇ، يەرمۇ، ئاسمانمۇ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن، قىلچە يورۇقلۇق كۆرۈنمەيتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇلار دەهشەتلىك بوران ـ يامغۇر ئىچىدە هېلىقى ئىتنىڭ هاۋشىغان ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدى، ئىتنىڭ هاۋشىغان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىن-لىشىپ، هايال ئۆتمەيلا ئىت ئۆڭكۈرگە يۈگۈرۈپ كى-رىپ كەلدى. بۇ دەل ئىنژېنېر سايرىس سىمىتنىڭ ئىتى ئىدى. بىراق ئىت يالغۇز كەلدى، ئۇنىڭ ئىگى-سىمۇ، نابمۇ بىللە كەلمىگەنىدى.

هېچقاچان كېلىپ باقمىغان بۇ ئۆڭكۈرگە توپنى كىم باشلاپ كەلدىكىنە؟ بۇ كۆپچىلىككە چۈشىنىكسىز ئىدى، بولۇپمۇ بوران چىقىۋاتقان قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئۆڭكۈرنى تېپىپ كېلىشى ئاجايىپ ئىش بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەم تېخىمۇ چۈشەنمەيدىغان يەنە بىر

ئىش شۇكى، ئىتتا ئازاب چەككەنلىك ۋە چارچىغانلىق ئالامىتى يوق ئىدى، ھەتتا ئىتنىڭ ئۇستۇپىشىغا ئازراق پاتقاقمۇ تەگمىگەنىدى. خاربېرت ئىتنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— ئىت تېپىلدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئىگىسىمۇ تېپىلىدۇ، — دېدى مۇخبىر.

— ماڭايلى! — دېدى خاربېرت، — توپ بىزگە يول باشلايدۇ.

ئۇلار بىر كېچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتتى. دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار كۈچلۈك بوراننىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىماقتا ئىدى. ئۇلار قاتتىق بورانغا قارشى بەش دېڭىز مىلچە يول يۈردى. ئەتىگەن سائەت ئالتىدە تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپ يورۇدى. توپ بىردىنلا ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ، تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى - يۇ، تېز مېڭىڭلار دەپ يالۋۇرغاندەك، پېنكروفنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، يەنە دېڭىز ساھىلىغا قاراپ يۈگۈردى. ھەممەيلەن توپنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. توپ بىر قىيا تاشنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاتتىق قاۋاشقا باشلىدى. پېنكروف ئۆڭكۈرگە كىرىپ نابىنى كۆردى. ئۇ ھوشسىز ياتقان سايرۇس سىمىتنىڭ يېنىدا قىمىرلىماي تۇراتتى.

گېدىيون سىپىلىت ئىنژېنېرنىڭ كۆكرىكىگە قۇ-

لىقىنى ياقتى، سايرۇس سىممىت تېخى ھايات ئىدى. نابتا يەنە ئۈمىد پەيدا بولدى، ئۇ بىر يەرلىرى يارىلانغانلىقىنى دەپ، شۇ ھامان خوجايىنىنىڭ كىيىملىرىنى يېشىپ قاراشقا باشلىدى. ناب سايرۇس سىممىتنى دېڭىز دولقۇنى ئىرغىتىپ تاشلىغان تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باش، كۆكرەك ۋە قول - پۇت- لىرىدا يارىلانغان ياكى كۆكەرگەن بىرمۇ يەرنىڭ بول- ماسلىقى ھەقىقەتەن ھەيران قالغۇدەك ئىش ئىدى.

ناب بولغان ۋەقەنى تولۇق بايان قىلدى: مەن خوجا- يىنىمنىڭ ئىزىنى دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى قۇم ئۈستىدىن، تاغ ۋە قىيا تاشلار ئارىسىدىن ۋە قۇملۇق ساھىلىدىن ئۇزاق ئىزدىدىم. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىدىم، ئاخىردا توپنىڭ كەينىدىن كېلىپ بۇ يەرنى تاپتىم. نابنىڭ بايانلىرىنى ھەمراھلىرى ناھايىتى دىق- قەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۇلار سايرۇس سىممىتنىڭ دولقۇن- لار بىلەن ئۇزاق ئېلىشىپ، سۇ ئاستىدىكى خادا تاشلار بار يەرلەردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، قانداق قىلىپ يارىلان- مىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. قىرغاقتىن بىر دېڭىز مىلىدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان قۇملۇقتىكى ئۆڭكۈرگە ئىنژېنېرنىڭ قانداق بېرىپ قالغانلىقىمۇ نامەلۇم ئىدى. ناب ئۆزىنىڭ سايرۇس سىممىتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەل- مىگەنلىكىنى ھەمراھلىرىغا ئېيتتى.

— بۇ يەرگە سىمىت ئەپەندىنىڭ ئۆزى كەلگەنلىكى ئېنىق، — دېدى پېنكروۋ.

— راستلا ئۇنىڭ ئۆزى كەلگەنلىكى ئېنىق، — دېدى گېدىيون سپىلېت، — بىراق، بۇسىغا ئادەمنىڭ ئىسەن-گۈسى كەلمەيدۇ!

بۇنى ئىنژېنېر هوشىغا كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ھەمراھلىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن سايرېس سىمىتنىڭ سېزىمى تېز ئەسلىگە كەلدى، ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، گېدىيون سپىلېتتىن بۇ يەرنىڭ ئارال ياكى قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى سورىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېدىيون سپىلېت ۋەقەنىڭ جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردى. ئۇ شار چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ئاياغ باسمىغان بۇ قاقاس ئارالغا چىقىپ قالغانلىقىنى ھەم پاناھلىنىشقا بولىدىغان ئۆڭكۈر تاپقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنژېنېرنى ئىزدىگەنلىكىنى، نابنىڭ سادىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنژېنېرغا نامەلۇم بولغان باشقا ۋەقەلەرنى تولۇق سۆزلەپ بەردى.

— دېمەك، مېنى قىرغاقتىن تاپقان سىلەر ئەمەس ئىكەنسىلەر - دە؟ — دەپ سورىدى سايرېس سىمىت بوش ئاۋاز بىلەن.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى مۇخبىر.

— مېنى مۇشۇ ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كەلگەنلەر سىلەر ئەمەسمۇ؟

— ياق.

— بۇ ئۆڭكۈر دېڭىز ياقىسىدىكى قىيا تاشتىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟

— بىر دېڭىز مىلىچە بار، — دېدى پېنك-روف، — سىمىت ئەپەندى، بىزمۇ سىزنى بۇ يەردىن تا-پارمىز دەپ ئويلىمىغانىدۇق.

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ئىش بولدى، — دېدى سايرېس سىمىت جاۋابەن.

سايرېس سىمىت ئەسلەشكە باشلىدى: كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنى ئۇنى شارنىڭ توردىن يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بىراقلا چوڭقۇر سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىدۇ؛ ئېسىنى يىغىپ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققىنىدا، ئەتراپىدا بىر مەخلۇقنىڭ تىرمە-شىپ يۈرگەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئىنتىلگەن توپ بولۇپ چىقىدۇ. ئىنژېنېر ئاسمانغا كۆز تاشلاپ، شارنى كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى، بىرمۇنچە يۈكتىن قۇتۇلۇپ يەڭگىللەپ قالغان شار ئوقتەك ئۇچۇپ غايىب بولىدۇ. سايرېس سىمىت شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ، يېرىم دېڭىز مىلىدىن ئارتۇقراق يىراقلىقتىن قۇرۇقلۇقنى كۆرىدۇ-دە، جېنىنىڭ بارىچە

دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ قىرغاققا قاراپ ئۈزىدۇ. توپ ئىگىسىنىڭ كىيىمىدىن چىشلەپ، ئىگىسىگە ياردەم بېرىدۇ. بىراق شىددەت بىلەن ئۆرۈلۈۋاتقان دولقۇن يو-پۇرۇلۇپ كېلىپ، بىردىنلا ئىنژېنېرنى شىمالغا ئاققۇ-زۇپ كېتىدۇ. ئۇ دولقۇنلار بىلەن چارەك سائەت ئېلىش-قان بولسىمۇ، توپ بىلەن قايىنامغا كىرىپ قېلىپ، سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ. سايرېس سىمىت شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا ھوشىغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدۇ. توپ ئويناقلاپ ئىگىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. سايرېس سىمىتنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنىشىغا دائىر بىردىنبىر ئىزاھ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي بولمىدى، ھەقىقەتەنمۇ ئىنژېنېرنى قۇتقۇزغۇچى توپ بولۇپ چىق-تى. كۆپچىلىك سايرېس سىمىتنى زەمبىلگە يانقۇزۇپ قىيا تۈۋىدىكى ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كەلدى. پېنكروف تۈ-نۈگۈن كەچتە چىققان قورقۇنچلۇق بوراننىڭ بۇ يەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بايقىدى. زەربە بىلەن ئۆرۈلغان شىددەتلىك دولقۇن ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتكە-نىدى. پېنكروف ئالدىراپ ئۆڭكۈرگە كىردى، ئوت ئۆچۈپ قالغان، ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى دېڭىز تاشقىنى ئېقىتىپ كەتكەنىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئىشلىتىدىغان ئوت ئۆچۈپ قالغا-

نىدى. سايرىس سىمىت تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەن-لىكتىن، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇلار سايرىس سىمىت-نى ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىردى، بىراق ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— سايرىس سىمىت بىز بىلەن بىللىمۇ؟ — دېدى مۇخبىر، — ئىنژېنېرىمىز يېنىمىزدا ھايات تۇرۇپتۇمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئوت تۇتاشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپا-لايدۇ!

مۇخبىر ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاشلا سايرىس سىمىتقا ئىشىنەتتى. ئۇلار سايرىس سىمىتنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلىمى ۋە ئەقىل- پاراسىتىنىڭ كانى دەپ ھېسابلايتتى. بىراق، ئىنژېنېر شۇ تاپتا يول مېڭىشتىن ھارغان بولسا كېرەك، ئۇ تېخى قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا ئىنژېنېردىن بىرەر ئامال تې-پىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا رايى بارمىدى. پېنكروف بارلىق چارىلەر بىلەن ئوت تېپىشقا تىرىشتى، ئۇ ئىككى تال قۇرۇق ياغاچنى بىر- بىرىگە سۈركەپ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، مېھنىتى بىكارغا كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمگەن پېنكروف ئاچچىقىدا ياغاچلارنى ئىرغىتىپ تاشلىدى.

— ياۋايىلار مۇشۇ ئۇسۇلدا ئوت تۇتاشتۇرىدۇ دېگەن گەپكە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! — دېدى ئۇ، — بۇنىڭدىن

كۆرە يازدا قار ياغىدۇ دېسە، ئۇنىڭغا بەكرەك ئىشەنگەن بولاتتىم. مۇنداق قىلغىچە ئالىقانلىرىمنى بىر - بىرىگە سۈركەپ ئوت تۇتاشتۇرسام ئاسانغا چۈشەرمىكىن!

خاربېرت ئۇ تاشلىۋەتكەن ياغاچنى ئېلىپ بىرىنى بىرگە كۈچەپ سۈركەشكە باشلىدى، ئۇمۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدى، ئۇنىڭمۇ ئاخىر ئوت چىقىرىش ئۇمىدىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى. ئۇلارنىڭ شۇ كۈنكى كەچلىك تامىقى ئۈزۈنچاق قۇلۇلىلەر بولدى، ئۇلار قۇلۇلىلەرنى خام پېتى يەپ، ئەپلەپ - سەپلەپ قورساقنى توقلىدى. تۈن پەردىسى تارتىلدى، قەھرىتان سوغۇق سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتمەكتە ئىدى.

## 4

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىنژېنېر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ چۆرىدەپ ئولتۇرغانلاردىن سورىدى:

— مېنى قانداق قۇتقۇزۇۋالدىڭلار؟ بۇ ئارالمىكەن ياكى چوڭ قۇرۇقلۇقمۇ؟

پېنكروف سايرېس سىمىتقا تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. بىر تال سەرەڭگە توغرىسىدا ۋە ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولۇپ ياغاچنى ياغاچقا سۈركەپ

قارا تەرگە چۆمگەنلىكى توغرىسىدىمۇ پاراڭ قىلىپ بەردى.

— بىر ئىلاج قىلارمىز، — دېدى ئۇ، — ئەگەر چاق-ماق تۇتۇرۇقىدەك بىرەرنەرسە تېپىلسا.......

— ئەتە ئەتىگەندە تاغقا چىقىپ، بۇ يەرنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ياكى ئارال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى. دوستلىرىم، ئەھۋالىمىز تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇنىسى تازا چۈشىنىشلىك. ئەگەر ئارالدا ئا-هالە بولسا، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلىمىز؛ ئەگەر بۇ ئاھالىسى يوق ئارال بولسا، بۇ ئارالدا ماكانلىشىپ، ھەممىدە ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق دەپ ھېسابلاشتى. ناب بە-لەن پېنكروف قوللىرىغا تاياق ئېلىپ، ئوت - چۆپ ئە-چىدە ئويناقشىپ يۈرگەن توپنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ئۇۋچىلار چاتقاللىقتا كىرىپلا توپنىڭ بىر جا-نىۋارنىڭ قۇلىقىنى چىشلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلە-شىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم فۇتتەك، ياۋا قاۋانغا ئوخشايدىغان تۆت پۇتلۇق جانىۋار ئىدى. ناب چومىقىنى چىڭ تۇتۇپ بۇ جانىۋارنى ئۇرۇشقا تەمشەلگىنىدە، ئۇ سىلكىنىپلا قۇلىقىنى توپنىڭ ئاغزىدىن

يۈلۈۋېلىپ، خىرىس قىلغان پېتى يولدا تۇرغان خار-بىرتقا ئېتىلدى ـ دە، ھولۇقۇپ قالغان ياش يىگىتنى ئۈسسۈپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى، ئۇ قېچىپ ئورمانغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ جانىۋار دېڭىز چوش-قىسى ئىدى. ئوۋچىلارنىڭ ئۇچىلىسى توپنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. دېڭىز چوشقىسى كەڭ كۆلچەككە شۇڭغۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە سۇ ئۈستىگە يېنىپ چىقتى. توپ سەكرەپ دېڭىز چوشقىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئۇنى چىشلەپ ئۇنىڭ يەنە شۇڭغۇشىغا يول قويمىدى، ناب چوماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۇنى تۈگەشتۈردى. پېنكروف خۇشاللىقىدا ئۇنى ئۆشنىسىگە ئارتتى ـ دە، قايتىش ئىشارىسىنى قىلدى. ئۇلار قىيانىڭ دوقمۇشىدىكى يار تۈۋىدىن ئۆت-كەندە، قىيا ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق تۈتۈننى كۆردى. ئوۋچىلار ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا ئۆڭكۈردىكى ئوچاقتا پاراس ـ پۇرۇس قىلىپ يې-لىنجاپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىنژې-نېردىن «ئوتنى قانداق ياقتىڭىز؟» دەپ سورىدى.

ئىنژېنېر ئوت تۇتاشتۇرىدىغان ئەينەك ياسىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە سىپىلېتنىڭ سائىتىنىڭ ئەينىكىنى ئېلىپ، ئىككى ئەينەكنى جۈپلەپ، ئارىسىغا سۇ توشقۇ-زۇپ، ئەتراپىنى لاي بىلەن سۇۋاپ، ئادەتتىكى ئوت تۇ-

تاشتۇرىدىغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەينەك قىلىپ ياسىغانىدى. بۇ ئەينەك قۇياش نۇرىنىڭ ئېنېرگىيىسىدىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئوت تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئاسانلا ھەل قىلغانىدى. پېنكروف بۇ «ئاپپارات» قا سىنچىلاپ قاراپ، خۇشاللىق بىلەن دېدى:

ــ قالتىسكەن جۇمۇ بۇ! سىپىلېت ئەپەندى، سىز بۇنى خاتىرە دەپتىرىڭىزگە يېزىپ قويسىڭىز بولغۇدەك!

كەچلىك غىزا ناھايىتى مول بولدى، ئۇلار دېڭىز چوشقىسىنىڭ گۆشىنى مەززە قىلىپ يېيىشتى. ئۆڭكۈرگە ماكانلاشقۇچىلار خاتىرجەم بولۇپ، تاتلىق ئۇيقۇغا چۆمدى. كېچە تىنچ ئۆتتى.

ئۇلار ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان بۇ ئارالنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە تەييارلاندى. ئېھتىمال، بۇ كىچىك ئارال بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ياشايدىغان ماكانغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدا ئۇلار ئۆڭكۈردىن يولغا چىقىپ، يانار تاغ ئېغىزىنىڭ چوققىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپى چەت ـ چېكى يوق دېڭىز ئىدى، ئۇلار تۇرغان ئورنىدا گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ قېلىشتى. يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بۇ ئارال گويا ئوكيان ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان غايەت زور بىر مەخلۇققا ئوخشاپ قالاتتى، ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 دېڭىز مىلىچە كېلەتتى،

قىرغىقى شىمالدىن جەنۇبقا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر تار قولتۇق ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ خۇددى غايەت زور تىمساھنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئۇزۇنىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ قۇيرۇق دېڭىزغا 30 دېڭىز مىلىدىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ھەقىقىي يېرىم ئارال ئىدى. كىچىك ئارالدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ باغرى دېڭىز بويىغىچە قېلىن ئورمان، شىمال تەرىپى گىياھسىز كەڭ قۇملۇق ئىدى. ئۇلار ئارالدىكى كۆلنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. سايرۇس سىمىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاغنىڭ چوققىسىدا تولۇق بىر سائەت تۇردى، ئارالنى تولۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلار ئارالدا ئادەم يوق دېگەن يەرگە كەلدى. سايرۇس سىمىت ھەمراھلىرىغا تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— بىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز، مۇشۇ يەردە يېڭى ھاياتىمىزنى باشلايمىز، بەلكىم ئۇزاق تۇرۇپ قالارمىز. ناۋادا تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن بىرەر كېمە بۇ ئارالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، تاسادىپىي قۇتقۇزۇپ قېلىنىشىمىزمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىز ھەتتا كېمە توختىغۇدەك قولتۇقمۇ يوق كىچىككىنە ئارال. مەن بۇنى ئادەتتىكى كېمىلەر يۈرىدىغان دېڭىز يولىدىن چەتتە، تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىدىكى تاقىم ئارالLارغا قاتناپ تۇرىدىغان كېمىلەر يولىدىن ناھا-

يىتى يىراق، گورن تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاۋستىرالىيىگە بارىدىغان شىمالىي كېمە يولىدىنمۇ چەتتە بولمىغىيدى دەپ قورقىمەن. شۇڭا، ھازىرقى ئەھۋالىمىزنىڭ ئېھتىمال ناھايىتى چاتاق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

— مەنچۇ، — دېدى دېڭىزچى، — ئەگەر ئىشتىن باش تارتىپ ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان بولسام، مېنى پېنكروف دېمەيلا قويۇڭلار!

— توغرا، سايرېس سىمىت ئەپەندى، بىز ئوبدان ئىشلىسەك، بۇ ئارالدا شەھەر بەرپا قىلالايمىز.

— بولىدۇ، دوستلار، — دېدى سايرېس سىمىت، — بىز بۇ ئارالغا، ئۇنىڭ قولتۇقلىرى، تۇمشۇقلىرى، دەريالىرى ۋە جىلغىلىرىغا نام قويساق دەيمەن.

ئىنژېنېرنىڭ تەكلىپىنى ھەمراھلىرى بىردەك قوللىدى، شۇنىڭدىن كېيىن شەرق تەرەپتىكى چوڭ قولتۇققا «قوشما شتاتلار قولتۇقى»، جەنۇب تەرەپتىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يايپاق قولتۇققا «ۋاشىنگتون قولتۇقى»، ئۆزلىرى تۇرغان تاغقا «فرانكلىن تېغى»، ھېلىقى كۆلگە «گرانت كۆلى» دەپ نام بېرىلدى. بۇ نامىلارنىڭ قويۇلۇشى ياخشى بولدى، ئارالنىڭ قىياپىتى يېيىپ قويۇلغان خەرىتىدەك، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ ئارالغا ئامېرىكىدا

جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرلىكى يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇلۇغ پۇقرانىڭ ئېتىنى قويىدى، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئارال لىنكولىن ئارىلى دەپ ئاتالدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ئامېرىكىدىكى قانلىق جەڭ توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى. ھالبۇكى، 16 كۈندىن كېيىن ۋاشىنگتون شەھرىدە دەھشەتلىك بىر سۇيىقەست يۈز بېرىپ، ئابراھام لىنكولىننىڭ بىر تەلۋە لۈكچەكنىڭ ئوقىدا قازا تاپىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئەتىسى ناشتىدا ئۇلار دېڭىز چوشقىسىنىڭ گۆشىنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگىتىشتى. سايرېس سىمىت ئورمانغا بېرىپ يەنە بىر قېتىم ئوۋ قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بۇ قېتىم گۇرۇپپىلار بويىچە ھەرىكەت قىلىش، بىر ـ بىرىدىن ئانچە يىراقلىشىپ كەتمەسلىككە ۋەدىلەشتى، چۈنكى، قېلىن ئورمانلىق ئىچىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا دۇچ كېلىش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، پەخەس بولۇشقا توغرا كېلەتتى. چۈشتىن كېيىن، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار فرانكلىن چوققىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغنىڭ يانباغرىدىن ئۆتتى، بىردىنلا قېلىن چاتقال ئارىسىدىن بوغۇق خىرىس قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان توپ چاتقال ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار توپنىڭ ئارقىسىدىن

چاتقال ئارىسىغا كىردى. توپ بىر دېڭىز چوشقىسىنى بېسىۋېلىپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن تالاۋاتاتتى. ئۆلگەن ئىككىسى ئىتنىڭ يېنىدا ياتاتتى.

— ئۇلجىمۇ كەلدى، — دېدى پېنكروف، — ئەمدى ئۆيگە قايتساقمىكىن.

كەچتە، كۆپچىلىك تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلدى، ناب بىلەن پېنكروف دېڭىز چوشقىسىنىڭ گۆشىنى ھەش-پەش دېگۈچە كاۋاپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ غىزاسى بەك مەززىلىك بولدى. كەچلىك غىزادىن كېيىن، ھەممەيلەن ياتماقچى بولغاندا، سايرىس سىمىت خالتىسىدىن رۇدا ئەۋرىشكىسىدىن بىرنەچچە خىلىنى ئېلىپ:

— دوستلىرىم، — دېدى ئۇ، — ماۋۇ تۆمۈر رۇدىسى، پىرىت (سېرىق تۆمۈر تاش)، ماۋۇ ھاك، ماۋۇ كۆمۈر. قاراڭلار، تەبىئەت مۇشۇ بايلىقلىرىنىڭ جىمىسىنى بىزگە بېرىدۇ، گەپ بىزنىڭ بۇ بايلىقلاردىن قانداق پايدىلىنىشىمىزدا قالدى. ئەتە بىز غەيرەت قىلىپ قاتتىق ئىشلەيلى!

## 5

ئەتىسى ئەتىگەندىلا، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار دەرھال تۇرمۇشتا ئەڭ ھاجەتلىك ئەسۋابلارنى ياساشقا

تۇتۇش قىلمىشتى، بۇ يەردە ھەممىنى ئۆز قولىغا تايىنىپ ياسىشى لازىم ئىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەزىمەتلەر ئىدى. گېدىيون سىپىلىت ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كۆپنى كۆرگەن، تالانتلىق مۇخبىر. خاربېرت تەبىئىي پەن ساھەسىدە كۆپ تەربىيە ئالغان يىگىت. پېنكروف بولسا چېچەن، غەيرەتلىك، ھەرقانداق دېڭىزچىغا ئوخشاش قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق ئادەم ئىدى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار سايرىس سىمىتنىڭ دېگىنى بويىچە ئالدى بىلەن ئوچاق سالماقچى بولدى، ئوچاق سېلىنسا، تۆمۈر تاۋلىغىلى، تەبىئىي ماددىلارنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئەسۋابلارنى ياسىغىلى، يەنە ساپال ئەسۋابلارنىمۇ ياسىغىلى بولاتتى.

— ھەي ئىسىت، ھېچبولمىغاندا قولىمىزدا پىچىقىمىز بولسىچۇ! — دېدى پېنكروف ئۇنلۇك قىلىپ، — پىچاق بولغان بولسا، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوقيا ياساپ، ئوۋ گۆشىنى دۆۋىلىۋېتەتتىم!

ئىنژېنېرنىڭ كۆزى قىرغاقتا چېپىپ يۈرگەن توپقا چۈشۈشىگە، كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— ھەي توپ، مەيەرگە كەل — دەپ قىچقاردى ئۇ.

ئىت يۈگۈرۈپ كەلدى. سايرىس سىمىت ئىتنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ سىلىدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنىدىكى

ھالقىنى يېشىۋېلىپ، قاپ ئوتتۇرىسىدىن سۇندۇرۇپ ئىككىگە بۆلدى، تۇپنىڭ بويىندىكى ھالقا سۇغۇرىلغان نېپىز پولاتتىن ياسالغان بولۇپ، پېنكروف ئۇنى ئېلىپ بىر پارچە تاشتا بىلەشكە باشلىدى، چۇش بولغاندا ھال- قىنى بىلەپ ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلاندۇردى، ئاندىن يۇم- شاق قۇم بىلەيگە بىلەپ تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۇردى، ئار- قىدىن ئۇنىڭغا ساپ بېكىتتى، ئىككى سائەتتىن كې- يىن، ئارالغا ماكانلاشقۇچىلارنىڭ ئۆتكۈر بىسلىق ئىك- كى قورالى تەييار بولدى. بۇ ئۇلار ياسىغان بىرىنچى سايمان ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشنى تۇنجى قېتىملىق غەلىبە سۈپىتىدە تەنتەنە قىلىشتى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار تۆنۈگۈن تەكشۈرۈپ قايتقان يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەتراپنىڭ ھەممىلا يېرى سېغىز تۇپا بولۇپ، ساپال قاچىلارنى ياساشقا بو- لاتتى. سېغىز تۇپىنى پىششىقلاپ ئىشلەشمۇ ئاسان بو- لۇپ، تۇپىدىكى ئارىلاشمىلارنى تاسقىۋېتىپ، ئارقىدىن ئۇنى لاي قىلىپ خىش قۇيۇپ، ئوتتا پىشۇرسىلا بولاتتى. لىنكولىن ئارىلىدىكى بۇ خىش قۇيغۇچىلار ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۈچ مىڭ خىش قۇيدى. بۇ خىشلار ئۈچ ــ تۆت كۈندىن كېيىن قۇرۇشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ- لار خىشلارنى قۇرۇغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ پىشۇرماق- چى بولدى. خىش كۆيدۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئارالنى ماكان

قىلغۇچىلار ئوتتۇن يىغىش بىلەن ئالدىراش بولدى. خىش كۆيدۈرۈش ئىشى 48 سائەت داۋام قىلىپ، ئاخىر كۆ- ڭۈلدىكىدەك ئاياغلاشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە تۈرلۈك ئىدىش، كومزەك، خۇمرا، تەخسە، قاچا، سۇ قۇيۇپ قويىدىغان كوزا قاتارلىق كېرەكلىك بۇيۇملارنى ياسىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزلىرى ياسىغان قاچا- قو- مۇچىلاردىن پايدىلىنىپ كۆڭۈلدىكىدەك غىزالاندى. غىزا- دىن كېيىن، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى سايرىس سىمىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھاۋا يېيىش ئۈچۈن دەريا بويىغا باردى.

سايرىس سىمىت دېڭىزغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مۇخبىرغا قاراپ:

— كۈن مېرىدىئاننى يىلىغا تۆت قېتىم كېسىپ ئۆتىدۇ، يەنى ئەمەلىي ۋاقىت ئوتتۇرىچە ۋاقىت بىلەن پۈتۈنلەي باراۋەر بولىدۇ. ئەتە كۈن مېرىدىئاننى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەتە بۇ ئارالنىڭ قايسى مېرىدىئاندا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمغا ئىمكانىيەت تۇغۇلار دەيمەن، — دېدى.

— سېكستانتىسىز ۋە ئەسۋابلارسىزمۇ؟

— شۇنداق. بىراق، ھازىر ئۆزىمىزنىڭ قايسى كەڭ- لىكتە ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىقلاشقا ھەركەت قىلىپ

كۆرىمەن.

شۇ پەيتتە، كۆزەتكۈچىگە جەنۇبىي كرېست يۇلتۇز تۈركۈمى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈندى. شۇنىڭ-دىن كېيىن، سايرېس سىمىت ئۆزى ياسىۋالغان ئىككى پۇتلۇق ياغاچ سىركۇل ئارقىلىق ئۆلچىدى، ئىككى پۇت-لۇق سىركۇلنىڭ پۇت ئارىلىقى ئۇ ئېرىشمەكچى بولغان ئالفا يۇلتۇزى بىلەن ئۇپۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۇلۇڭ ئار-لىقىغا تەڭ ئىدى. مۆلچەرلەنگەن بۇلۇڭنى مۇقىملاش-تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئىنژېنېر ئەسۋابنىڭ ئىككى پۇتىنى يەنە بىر توغرىسىغا قويۇلغان تاختايغا ئاكاتسىيە تىكە-نى بىلەن مىخلاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق مۇۋاپىق تۈردە مۇقىملاشتۇرۇلدى.

ئەتىسى، سايرېس سىمىت ئاخشىمى مۇقىملاشتۇ-رۇپ قويغان ئەسۋابنى ئېلىپ ھېسابلاپ كۆردى، ئەسۋاب-نىڭ ئىككى پۇتى ئوتتۇرىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ جەنۇبىي كرېست يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن ئۇپۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئارا بۇلۇڭغا باراۋەر ئىدى. ئىنژېنېر تەڭ 360 بۆلەككە بۆلۈنگەن چەمبەر بويىچە ھېلىقى بۇلۇڭنى ئىمكانقەدەر دەل توغرا ئۆلچىدى، بۇلۇڭ 10 گرادۇس بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، جەنۇبىي كرېست يۇلتۇز تۈركۈمىنى جەنۇبىي قۇتۇپتىن ئايرىپ تۇرغان 27 گرادۇسنى قو-شۇپ، ئاندىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلغان تۆپىلىكنىڭ

دېڭىز يۈزى ئېگىزلىك بولۇشىنى ئېلىشقەتكەندە، قۇتۇپ بىلەن ئۇيۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۇلۇڭ ئارىلىقى 37 گرا- دۇس بولۇپ چىقتى. بۇ ھېساباتتىن سايرىس سىمىت لىنكولىن ئارىلى جەنۇبىي كەڭلىكنىڭ 37 گرادۇسىدا ئىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى، ئۆلچەش پەرقىنى نە- زەرگە ئېلىپ، ئۇنى بەش گرادۇس دەپ پەرەز قىلىپ، ئارالنى جەنۇبىي كەڭلىك 35 گرادۇس بىلەن 40 گرا- دۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن دەپ ھېسابلىدى. سايرىس سىمىت چىڭقى چۈشتە، يەنى كۈننىڭ مېرىدىئاننى بې- سىپ ئۆتىدىغان پەيتىدە ئارالنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھېساب- لاپ چىقماقچى بولدى. ئۇ ئۆلچەش نەتىجىسىنى ھەم- راھلىرىغا رەسمىي ئېلان قىلدى: لىنكولىن ئارىلىنىڭ ئورنى جەنۇبىي 35 ـ پاراللېل بىلەن 40 ـ پاراللېلنىڭ ئارىلىقىدا، ئۇزۇنلۇقى گرىنۋىچتىن غەربكە 150 ~ 155 ـ مېرىدىئانلارنىڭ ئارىلىقىدا. ئارىدىكى پەرق بەش گرا- دۇسلا دەپ مۆلچەرلىسەك، ھەربىر گرادۇس 60 دېڭىز مىلى بولسا، پەرق 300 دېڭىز مىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، لىنكولىن ئارىلىدىن تايىتى ۋە پائۇموتۇ ئارىلىغىچە بولغان ئارىلىق كەم دېگەندە 1200 دېڭىز مىلىدىن ئۇشۇقراق، يېڭى زېلاندىيىگىچە 1800 دېڭىز مىلى، ئامېرىكا قىتئەسى قىرغاقلىرىغىچە 4500 دېڭىز مىلى كېلىدۇ. سايرىس سىمىت بۇ نەتىجىنى

ئېلان قىلىپ بولۇپ، خېلىغىچە زوۋان سۈرمىدى، ئۇ
ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ تىنچ ئوكياننىڭ بۇ دائىرىسىدە
لىنكولىن ئارىلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا يېقىن
كېلىدىغان بىرمۇ ئاراللىنىڭ ئىسمىنى ئەسكە ئالالمىدى.
1200 دېڭىز مىلى، بۇ قىسقا ئارىلىق ئەمەس ئىدى، بۇ
مۇساپىنى قېيىق بىلەن بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. پېنكروف كېمە ياسىماقچى بولدى، لېكىن بۇنىڭ
ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قورال ـ سايمانلار بولۇشى كېرەك
ئىدى، نۆۋەتتە بۇ ناھايىتىمۇ قىيىن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە كىلىمات ناچار بولىدىغان چاغلار يېتىپ كې-
لىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئارالدا قىشلاپ
قېلىش ۋە قىش ئايلىرىدا تۇرۇشقا ئۆڭكۈردىن قۇلاي-
لىقراق جاي تېپىش قارارىغا كەلدى. ئارالدىكىلەرنىڭ
قولىدا ھېچقانچە قورال ـ سايمان يوق بولۇپ، ئۇلار
بولقا، پالتا، ھەرە، ئۈشكە ۋە رەندىگە ئوخشاش قورال ـ
سايمانلارنى ياسىشى كېرەك ئىدى. ئىنژېنېر ئارالنىڭ
غەربىي شىمال تەرىپىدە تۆمۈر رۇدىسى قاتلىمى بارلى-
قىنى دىققەت قىلغان بولۇپ، بۇ رۇدىلارنىڭ سورتى نا-
ھايىتى ياخشى ئىدى، گەپ بۇ رۇدىلارنى قانداق قىلىپ
تۆمۈرگە ياكى پولاتقا ئايلاندۇرۇشتا ئىدى. تۆمۈر تاۋلاش-
تىن ئىلگىرى قىشتىن ئۆتۈشكە كېرەكلىك ياغىچا ئې-
رىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تېۋلېن ئوۋلىشىغا توغرا

كەلدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ھەرخىل قوراللارنى ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئارالنىڭ شىمالىي چېتىگە باردى ۋە قىرغاقتىكى گرانىت تاشلارنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ تۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن تىيۇلېنلار قومغا چىقتى ـ دە، سوزۇلۇپ ياتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار تېزلىكتە ئېتىلىپ بېرىپ، تىيۇلېندىن ئىككىنى ئۆلتۈردى. بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ناھايىتى ئوتۇقلۇق بولدى، يالغۇز ياغقىلا ئەمەس، بەلكى يەنە كۆيەك ياساشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن تىيۇلېن تېرىسىگىمۇ ئىگە بولدى.

6

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مېتالچىلىق دەۋرى باشلاندى.

لىنكولىن ئارىلىدىكى تۆمۈر كېنىنىڭ ئورنى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئالدى بىلەن رۇدىنى چېقىپ ئۇششاقلىدى، تاشكۆمۈر بىلەن رۇدىنى قەۋەت ـ قەۋەت قىلىپ دۆۋىلىدى، رۇدا دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كۆيەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھاۋانى رۇدا دۆۋىسى ئارىسىغا پۈۋلەپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىپ، بىر پارچە ساپ تۆمۈرنى تاۋلاپ چىقتى. ئۇلار بىر پارچە تۆمۈرگە ياغاچتىن ساپ بېكىتىپ بازغان قىلىپ، ئارقىدىن ئامبۇر، قىسقۇچ، جوتۇ، رەندە تىغى، پالتا، گۈر-

جەككە ئوخشاش بىرمۇنچە سايمانلارنى ياسىدى. مېتال ئېرىتىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاخىرلاشتى، ئۇلار يېڭى تەرلىك خىلمۇخىل قورال ـ سايمانلارغا ئىگە بولدى.

قىش پەسلى يېقىنلاپ كەلدى، ئەمدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىش قىشنىڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىپ، ئازادە، تەبىئىي تۇرار جايدىن بىرنى تېپىش ئىدى. شۇ مەقسەتتە، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ، پۈتۈن ئارالنى تەپسىلىي كۆزەتتى. ئاخىردا ئۇلار ئېگىز قىيادىن بىر يوشۇرۇن ئۆڭكۈرنى بايقىدى، قىيا تۆۋىدە ئۇستىگە چىققىلى بولىدىغان چىغىر يول بار ئىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار خۇشاللىق بىلەن ئۆڭكۈرگە كىردى، ئۆڭكۈرنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 90 فۇت ئېگىز جايدا ئىدى، گرانىت تاشلىق يەر يۈزىنىڭ بىر بۆلۈكىدا بىر قۇدۇقنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقى تولىمۇ ياخشى بولدى، بۇ دەل ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئېھتىياجلىق تۇرالغۇ ئىدى. ئۇلار ئازادە، يېڭى ئۆڭكۈرگە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەشتى، بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنى خىش بىلەن بۆلۈپ، ئادەم تۇرغۇدەك ئۆي قىلىۋېلىش، ھېچبولمىغاندا چوڭ بىر ساراي قىلىۋېلىش ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇ ئۆڭكۈرنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى، ئۇنى تاش ساراي دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئەمدىكى ئىش كۆچۈپ

كېلىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئىدى. مېڭىش ئالدىدا سايرىس سىممىت تۆۋى دېڭىزغا تۇتاشقان تىك قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا كېلىپ ئېڭىشىپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. قۇدۇق تېگىدە ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ ئېگىز قىياغا جايلاشقان يېڭى ماكانىغا كۆچۈپ كەلدى. ئالاھازەل 80 فۇتچە ئېگىزلىكتىكى قىيادا بىر كامار بولۇپ، بىر نەچچە كەپتەر شۇ كامارغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بىر نەچچە ئېغىز كىچىك ئۆيلەرگە بۆلۈش ھەمدە ئۆڭكۈر دىۋارىدىن بىرقانچە دېرىزە ۋە بىر ئىشىك ئېچىشنى پىلانلىدى.

— بىز بۇنداق چىقساقمۇ بولىدۇ، — دېدى دېڭىزچى تەكلىپ بېرىپ، — بىز چىغىر يولنى توسۇپ تاشلاپ، شوتا بىلەن چىقساقمۇ بولىدۇ. بىز شوتىنى يىغىۋال-ساقلا ئۆيىمىزگە ھېچكىم كىرەلمەيدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋېتىشىمىز زۆرۈر، كىچىككىنە ئىشتىمۇ ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايدۇ، — دېدى سايرىس سىممىت، — بىز ئارالنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى بىلەنلا تونۇشتۇق. لېكىن، ھەتتا ئارالدا دۈشمەن بولمىغان تەقدىردىمۇ، دۈشمەن سىرتتىن كېلىپ قېلىشى ئېھتىمال، تىنچ

ئوكيانىنىڭ بۇ قىسمى خەۋپلىك، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بىرنەچچە كۈنگىچە نا- ھايىتى ئالدىراش بولدى. ئارغامچا شوتا كۆڭۈل قويۇپ، ئىخلاس بىلەن ياسالدى. ئۇنىڭ چىداملىقلىقى كېمىنىڭ ئەڭ توم ئارغامچىسىدىن قېلىشمايتتى. ئۆسۈملۈك تالا- لىرىدىن يەنە بىرنەچچە ئارغامچا ئېشىلىپ، قوپاللىراق بولسىمۇ كۆتۈرگۈچ — كران ياسالدى، بۇ كران بىلەن خىشلارنى تاش سارايىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىش قى- يىنغا چۈشمىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار قاتتىق غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆڭكۈر ئىچىنى پىلان بويىچە بىرنەچچە ئېغىز كىچىك ئۆيلەر- گە بۆلدى ۋە ئامبارلارنى ياسىدى. شوتا ئاخىر ئورنىتى- لىپ بولدى، تاش ساراي ئادەملىرى شوتىدىن پايدىلى- نىش ئۇسۇلىنى ئوڭايلا ئۆگىنىۋالدى. بىچارە توپىمۇ شوتىغا يامىشىشنى ئۆگىنىۋالدى، بۇنىڭدىن ھەممەيلەن تولىمۇ خۇشال بولدى.

بىر كۈنى، سىرتتا يامغۇر چېلەكتە سۇ قۇيغاندەك قۇيۇلۇۋاتاتتى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار سارايىنىڭ چوڭ زالىغا يىغىلغان پەيتتە، خاربېرت ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرى- ۋەتتى:

— قاراڭلار، بۇ بۇغداي دېنىغۇ! — ئۇ يانچۇقىنىڭ

تۆشۈكىدىن جىلىتكە ئەستىرىنىڭ قېتىغا چۈشۈپ قالغان داننى — يالغۇز بىر تال داننى ئېلىپ ھەمراھلىرىغا كۆرسەتتى.

— بىز ئۇنىڭدىن بولكا پىشۇرساق بولىدۇ! ئىنژېنېر خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى، — دوستلىرىم، بىلەمسىلەر، بىر تال داندىن ئون باشاق ئۈنىدۇ، ھەربىر باشاقتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەكسەن دان بولىدۇ. دېمەك، ئەگەر بىز بۇ بىر تال داننى تېرىساق، بىرىنچى ئورمىدا 800 تال دان، ئىككىنچى ئورمىدا 640 مىڭ، ئۈچىنچى ئورمىدا 512 مىليوندىن ئوشۇقراق دان ئالىمىز!

ھەمراھلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى لام ـ جىم دېمەي، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. بۇ رەقەملەر ئۇلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

پېنكروف ھەيران بولۇپ غودۇڭشىدى:

— ياق، مەن ئۇقماي قالدىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ھاماقەت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

— خاربېرت، — دېدى گېدىيون سىپىلېت، — سېنىڭ تاپقان تەۋەررۈكۈڭنىڭ بىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى نەقەدەر زور ـ ھە! دوستلىرىم، بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزدا ھەرقانداق نەرسە بىزگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ كىچىككىنە ئارالنىڭ يەر قاتلىمىنىڭ ھەر

خىل بولۇشى چوڭ قۇرۇقلۇقلارغىلا خاس ھادىسە. بىز-
نىڭ ھەقىقەتەن تەلىيىمىز بار ئىكەن، لىنكولىن ئارى-
لىنىڭ بايلىقلىرى ئەنە شۇنداق مول ئىكەن، يەرلىرى
مۇنبەت ئىكەن، مېكسىكا قولتۇقىنىڭ ئىسسىق ئې-
قىنلىق رايونىغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ شەر-
قىي جەنۇب قىرغىقى رايونىمۇ شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ
ئارال رايونلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

— گېپىڭىز توغرا، قەدىرلىك سىپلېت، — دېدى
ئىنژېنېر ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — مەنمۇ شۇنداق
پىكىردە ئىدىم. بۇ ئارالنىڭ سىياقى ۋە تەبىئىي ئەھۋالى
ماڭا باشقىچە كۆرۈندۇ. بۇ ئارال قۇرۇقلۇققا خاس ئالا-
ھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇر-
گەن. بۇ ئارال بىر چاغلاردا قۇرۇقلۇقنىڭ بىر بۆلىكى
بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىپايان ئوكيان ئىچىدە
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاراللارنىڭ ھەممىسىنى سۇ تېگىدە
قالغان ئىلگىرىكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئېگىز يەرلىرى دەپ
قىياس قىلىش مۇمكىن. پەرىزىمچە، يەر شارى ھامان
بىر كۈنى يوقىلىدۇ، ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ،
ھايۋانلارمۇ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رالمايدۇ، ئۇ چاغقا بارغاندا، يەر شارىنىڭ قىياپىتى پۈ-
تۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. كەلگۈسى ئەسىرلەردە،
كىشىلەر ھىمالايا تېغى بىلەن براتۇن چوققىلىرىدىن

ئىبارەت ئاراللارنى بايقىشى مۇمكىن، ئۇلار ئامېرىكا، ئا-
سىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى چۆكۈپ كەتكەندىن
كېيىن قالدىغان ئىز بولىدۇ. ئۇ چاغلارغا بارغاندا
هاياتلىق يەر شارىدىن يوقىلىدۇ، يەر شارى ئۇيقۇغا چۆ-
مىدۇ. بۇ — تەڭرىنىڭ مەخپىيىتى. بۇ گەپلەر ئارالنى
ماكان قىلغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغاچقا، گەپ ـ سۆز
قىلمىدى.

قاتتىق سوغۇق ئاي ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى، كۆپ-
چىلىكنىڭ كېيىملىرى يالاڭ بولغانلىقتىن، سوغۇق-
تىن غال ـ غال تىترەشتى. پېنكروف بىلەن سىپلېت
كۆزىتىش تۆپىلىكى بىلەن ئورمانلىقتىكى ئورەككە ئۈچ
قېتىم تۇلكىگە ئوخشاش هايۋاننىڭ چۇشۇپ قالغانلى-
قىنى بايقىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆڭكۈردە قا-
مىلىپ قالغان بولسىمۇ، بىكار ئولتۇرمىدى، ئۇلار ئۆي
جاهازلىرى ياسىدى ۋە بىرمۇنچە سېۋەت توقۇدى. ئۆڭ-
كۈرگە قامىلىپ ئولتۇرۇش پېنكروفنىڭ جېنىغا تەگ-
دى، بۇ هال توپقىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. بۇ ئەقىللىق ئىتقا
تاش سارايىنىڭ ئىچى تارلىق قىلدى، ئۇ پۈتۈن ئۆيلەرنىڭ
ئىچىنى كېزىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپلا يۈردى، زې-
رىككەنلىكىنى ۋە نارازىلىقىنى هەر خىل ئۇسۇللار بىلەن
ئىپادىلىدى. توپنىڭ ئامبار ئارقىسىدىكى دېڭىزغا تۇتاش-
قان قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا بارغىنىدا، نېمىشقىدۇر

غەيرىي ئاۋاز بىلەن قاۋايدىغانلىقىنى سايرىس سىممىت بىرنەچچە قېتىم بايقىغانىدى. توپ ئاغزى قاپقاق بىلەن يېپىلغان قۇدۇق ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈگۈرەيتتى، قاپ-قاقنى ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ، بەزىدە پۇتىنى ئۇنىڭ تې-گىگە تىقىپمۇ كۆرەتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئۇ نېمىگىدۇر ئاچچىقلاپ، بىئارام بولغاندەك هاۋشىپ كېتەتتى. ئىنژې-نېر توپنىڭ بۇ هەرىكىتىنى دائىم كۆزىتىپ يۈردى: بۇ قۇدۇقتا نېمە باردۇ؟ بۇ ئەقىللىق جانىۋار نېمىشقا شۇنچە بىئارام بولىدۇ؟ قۇدۇقنىڭ توۋى دېڭىزغا تۇتاش ئىكەنـ-لىكى سۆزسىز، لېكىن قۇدۇق تېگىدە ئارالنىڭ ئىچىـ-كىرىسىگە بارغىلى بولىدىغان تار ـ قىستاڭ يوللار بار-مۇ ـ قانداق؟ ياكى يەر تېگىدىكى باشقا هاڭلار بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ ۋە ياكى قانداقتۇر دېڭىز مەخ-لۇقلىرىدىن بىرەرسى مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، هاۋادىن نەپەس ئالامدۇ ـ يا؟ ئىنژېنېرنىڭ كاللىسىدا پۈ-تۈن قىش پەسلى ئۆتۈپ كەتكۈچە ئاشۇنداق غەلىتە سو-ئاللار ئىختىيارسىز هالدا پەيدا بولۇپ تۇردى، ئۇ رېئال-لىق ئۇستىدە ئىزدىنىشكە ئادەتلەنگەنىدى ـ يۇ، لېكىن ئاساسسىز قۇرۇق خىياللارغا بېرىلمەيتتى. توپ بولسا ئەقىللىق ئىت ئىدى، ناۋادا ئۇ قۇدۇق ئىچىدە ئالاهىدە بىرنەرسىنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ، شەپىسىنى ئاڭلىمىغان بولسا، بۇنداق تىنچسىزلانمىغان بولاتتى، ئۇنىڭ بۇ هە-



رىكىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ سايرېس سىمىت ئىتنىڭ بۇ غەلىتە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ نەزەرىنى جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى.

## 7

ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدە شىۋىرغانلىق قارمۇ توختىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار تاشقىرىغا چىقتى، فرانكلىن تېغىنىڭ چوققىسىدىن تارتىپ تاكى دېڭىز بويىغىچە بولغان ئەتراپتىكى دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلۈك، تۈزلەڭلىك، كۆل، دەريا، ساھىل پۈتۈنلەي ئاپئاق كۆرۈنەتتى. ئۆڭكۆردە قامىلىپ تۇرىدىغان كۈنلەر ئا- خىرلىشىپ، گۈزەل پەسىللەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئىدى. خاربېرت بىلەن سىپىلېت ئوقيا ئېتىشنى ياخشى ئۆگىنىپ، مەرگەن بولۇپ قالدى، ئۇ ئىككىسى تىكەنلىك جەيرە، كېنگۇرۇ، ياۋا كەپتەر، ياۋا ئۆردەك، قىسقىسى، تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەرقاندى- قىنى ئېتىپ، دەل تەگكۈزەلەيدىغان بولدى. بىر كۈنى، پېنكروف كۆلچەكلەرنىڭ بىرىدە پېككارىنىڭ كۈچۈكى ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۇلجىنى تاش سارايغا ئېلىپ كېلىپ، بىر ۋاخلىق مەززىلىك تاماق تەييارلىدى، بۇ بىر ۋاخلىق تاماق ھەقىقەتەن مەززىلىك بولدى، ئارالنى ماكان

قىلغۇچىلار تازا ئىشتەي بىلەن غىزالىنىۋاتقاندا، پېنك-
روف بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋايجان!..... مەن ..... چىشىمنى .... سۇندۇرۇۋال-
دىم!

پېنكروف چىشىنى سۇندۇرغان ھېلىقى نەرسىنى
ئاغزىدىن چىقاردى، ئۇ قوغۇشۇن ئوق ئىدى. ئارالنى ما-
كان قىلغۇچىلار ئۇ قوغۇشۇن ئوقتا ھەيران بولۇپ قا-
راشتى. ئۇلارنىڭ لىنكولىن ئارىلىغا چۈشۈپ قالغىنىغا
نەق يەتتە ئاي بولدى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارغا ئادەمزات
ئۇرۇقىنىڭ ھېچ ئىزناسى كۆرۈنمىدى. لىنكولىن ئارى-
لىدا ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىس - تۈتۈنمۇ
كۆتۈرۈلمىدى، ئارال ئارال بولغاندىن بېرى، ئۇنىڭدا ئادەم
ياشىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە — ئەمگەك ئىزناسىمۇ
ئۇچرىمىدى. بۇ ئارالدا ئۇلاردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.
ئەمدىلىكتە بۇ خۇلاسىلەرنى كىچىككىنە مېتال ئوق
بىتچىت قىلىۋەتتى. سايرېس سىمىت ئوقنى قولىغا
ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى ۋە ھەمراھلىرىغا:

— ئارالدا ئادەم بارلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ!
بۇ ئەھۋال ئەڭ ئۇزاق بولغاندا بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن
لىنكولىن ئارىلىدا بىرەيلەننىڭ مىلتىق ئاتقانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ، — دېدى.

— بۇ تولىمۇ غەلىتە ئىش، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن

ئەمەس، — دېدى دېگىزچى ۋارقىراپ، — لىنكولىن ئارىلىدا بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق! ئەگەر بۇ يەردە ئادەم بولىدىغان بولسا، بىرەرسىنى بولسىمۇ كۆرگەن بولاتتۇق!

— تامامەن مۇمكىن، — دېدى سىپىلېت، — مۇنۇ ھايۋاننىڭ تېنىدىكى ئوق ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇغۇلغان دەپ ئويلاش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىنراق بولارمىكىن.

— بۇ ئارالدا ئادەم بارلىقىدىن ھەم ئۇنىڭ قورالى بارلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، — دېدى سايرىس سىمىت ھەمراھلىرىغا ئاگاھ بولۇشنى تاپىلاپ، — ئۇنىڭ بۇ ئارالغا كەلگىنىگە ھېچبولمىغاندا ئۈچ ئايدىن ئاشقان، شۇڭا سەگەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلغىنىمىز تۈزۈك، ئەمما بۇ ئارالغا مالاي دېگىز قاراقچىلىرىنىڭ كېلىشىنى خالىمايمەن!

— چارلاشتىن بۇرۇن قىرغاق بويلاپ ئارالنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ئايلىنىپ چىقىشىمىزغا مۇمكىنچىلىك بېرەلەيدىغان بىر قېيىق ياسىۋالغىنىمىز تۈزۈك بولارمىكىن، نېمىلا بولمىسۇن، تەييارلىق قىلىپ قويغىنىمىز ياخشى، — دېدى دېگىزچى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كەچلىك غىزاسىنى مۇشۇنداق جىددىي كەيپىياتتا يېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلاردىن باشقا يەنە ئادەم بار، ئۇ

يالغۇز ئەمەس، ھازىر ئارالدا، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقتى. بۇ ئىش تاش سارايدىكىلەرنى بىرئاز چۆچۈتۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزدى. سايرېس سىممىت بىلەن گېدىيون سىپىلېت ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇ ئىش توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئۇلار قوغۇشۇن ئوق ۋەقەسى، ئىنژېنېرنىڭ ئاجايىپ شارائىتتا قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ۋە بۇلارنى پات ـ پات ھەيران قالدۇرغان باشقا تاسادىپىي ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئەمەسمىدۇ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىردا، سايرېس سىممىت مەسىلىنىڭ ئۇيان ـ بۇيىنىنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئالدىرىماي دېدى:

— مېنىڭ ئويۇم مۇنداق: ئارالنى قانچە سىنچىلاپ ئاختۇرغىنىمىز بىلەنمۇ ھېچ نەرسە تاپالمايمىز، ئۇ بەكمۇ سىرلىق ئادەم ئىكەن.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئەتىسى يايپاڭ تەگلىك ئاددىي قېيىق ياساشقا تۇتۇش قىلدى. پېنكروف قاتتىق غەيرەت قىلىپ، 10 كۈن ئىچىدە بىر قېيىقنى پۈتتۈردى. قېيىقنىڭ سىرتى تال ـ چىۋىقلار بىلەن توقۇپ ياسالغان، ئۇنىڭغا ئۈچ ئورۇندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار «ھۇررا!» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن شادلىققا چۆمۈشتى، ھەممىسى قېيىققا چىقتى، پېنكروف قېيىقنى

دېڭىزغا قارىتىپ توغرىلىدى. ھاۋا ناھايىتى ياخشى، دېڭىز تىپتىنچ بولۇپ، قېيىق ئىككى پالاقىنىڭ تۈرتـ كىسىدە دېڭىزدىكى خادا تاشلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يۇـ مىلاق شەكىللىك قىرغاقنى بويلاپ ئوڭۇشلۇق ئالدىغا ئىلگىرىلەپ سىلىق ئۈزۈپ ماڭدى. قېيىق تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە كۆچەۋاتقاندا، خارىبېرت ئۇشتۇمتۇت دېڭىز ساھىلىدىكى بىرنەرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، ئاۋۇ نېمىدۇ؟» دېدى.

— ئۇ ياغاچ ساندۇق، ساندۇق، ئۇنىڭ ئىچىگە بىرـ نەرسە قاچىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى دېڭىزچى جاۋاب بېرىپ.

— قىرغاققا تارت، پېنكروف! — دېدى سايرېس سىمىت.

قېيىق قىرغاققا يېقىن كېلىشىگىلا، يولۇچىلار قېيىقتىن سەكرىشىپ يەرگە چۈشتى. پېنكروف خاتالاـ شىمىغان، ئۇ ئىككى سوغىغا چىڭ باغلانغان بىر ساندۇق ئىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار سوغىنى كېمىنىڭ كەينى تەرەپكە باغلاپ، تۇمشۇقتىن ئۆتۈپ، يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن تاش ساراي ئالدىدىكى قىرغاققا كېلىپ توختىدى. ئۇلار قېيىقنىمۇ، ساندۇقنىمۇ قىرغاققا سۆـ رەپ چىقاردى. ناب ساندۇقنى بۇزماستىن ئېچىشقا ئىشـ لىتىدىغان قورال ـ سايمانلارنى ئەكەلدى ـ دە، ساندۇقنىڭ

ئاغزىنى لوم بىلەن ئېچىپ، ئىچىدىكى تۇرلۇك نەرسە-لەرنى بىر – بىردىن ئېلىپ قۇم ئۇستىگە قاتىرىسىغا تىزىشقا باشلىدى. ساندۇقتىن ھەربىر نەرسە چىقىرىل-غاندا ئۇلار شادلىقتىن يايراپ كېتەتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن تولۇق قانائەتلەندى! چۇنكى ساند-دۇقتا ئەسۋاب – جابدۇق، قورال – ياراغ، كىيىم – كېچەك، كىتاب دېگەندەك ھەممە نەرسە بار ئىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خېلى بېيىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇلار قىيىنچىلىقنى پۇتۇنلەي ئۆزىنىڭ ئەقىل – پاراسىتى بىلەن يېڭىپ كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە تەڭرى بۇلارغا ئادەمزاتنىڭ قولىدىن چىققان بۇ بىباھا نەرسىلەرنى ئە-كېلىپ بەردى؛ ئۇلار تەڭرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا دۇئا – تىلاۋەتلەر قىلدى. ساندۇق تېپىلغان ۋەقەدىن كېيىن ئارالنى تەپسىلىي ئېنىقلاپ چىقىش ئەڭ زۆرۈر بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى سايرېس سىمىت «ئىنجىل» نى ئېچىپ قارىۋىدى، قې-رىنداش بىلەن كرېست بەلگىسى سىزىپ قويۇلغان مۇنداق بىر ئابزاسقا كۆزى چۈشۈپ قالدى – دە، ئۇنى ئوقۇدى: «ئىزدەنسەڭ تاپارسەن، تاپساڭ كۆرەرسەن.»

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئەتىسى تەشەككۇر دەر-ياسىدا ئېقىنىغا قارشى مېڭىپ دەريانىڭ بېشىغا بېرىپ، ئۇ يەرنى كۆرۈپ كېلىش ئۇچۇن يولغا چىقتى. تەشەككۇر

دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى. قىرغاققا چىقىشقا بولىدىغان ئەپلىك جايلاردا يولۇچىلار قېيىقنى پات ـ پات توختىتىپ ماڭ‑دى. ئۇلار بىرمۇنچە ئولجىلارغا ئىگە بولدى، يەنە ياۋا پالەك ۋە يېسىۋىلەككە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ياۋا كۆكتاتلارنى تاپتى، بۇلارنى تېرىپ ئۇستۇرۇشكە تامامەن بولاتتى. تەكشۈرۈش چۈشتىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. ئۇلار ھېرىپ ـ چارچاپ، يېرىم ئارالنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن يېرىدىكى ئورمانلىققا يېتىپ كەلگەندە تۇن پەر‑دىسى يېيىلدى. بۇ يەردە پېنكروف بىلەن خاربېرت بىر ئۆڭكۈرنى تاپتى. ئۇلار ئۆڭكۈرگە كىرىشىگىلا، ئۆڭ‑كۈردىن ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىدىغان ئەنسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۆڭكۈر ئاغزىدا تاغىل ئامېرىكا يىلپى‑زىدىن بىرسى تۇراتتى. بۇ يولۋاسنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولۇپ، ئامېرىكا شىرىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ھايۋان ئىدى. بۇ ئامېرىكا يىلپىزىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ئەتراپقا تىكىلگەنىدى. گېدىيون سىپىلېت تاش دۆۋىسىنىڭ يې‑نىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يىلپىزغا ئون قەدەمچە يېقىن كەلدى ـ دە، مىلتىق پاينىكىنى كۆكرىكىگە تىرەپ تۇردى، ئۇنىڭ چىرايى تەمكىن ئىدى. يىلپىز تۇگۇلۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى؛ ئۇ كۆتۈرۈلۈپ ئۆرىدەۋاتقان چاغدا بىر پاي ئوق كېلىپ بۇ ۋەھشىي ھايۋاننىڭ

پېشانىسىدىن تېگىپ، ئۇنى سۇنايلىتىپ ياتقۇزۇپ قويـ
دى. ناب يىلپىزنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالدى. ئارالنى ماكان
قىلغۇچىلار ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ئۆڭكۈردە بىر كېچە ئا-
رامخۇدا ئۇخلاشتى. ئۇلار تاڭ ئېتىش بىلەنلا يەنە يولغا
چىقتى. ئۇلار يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىـ
نىش ئۈچۈن، مىلتىقلىرىنى بەتلىۋېلىشتى. بۇ قېتىمقى
تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ئىككى سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى،
ئاخىردا ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئورمانلىقتىن ئۆز-
لىرىنىڭ شارىنى تاپتى. بۇ، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار
ئۈچۈن ئاسماندىن راسا چوڭ بىر ئامەت — «بايلىق»
چۈشكەن بىلەن باراۋەر ئىدى. چۈنكى، شارنىڭ كاناپ
رەختى ئۇلارنىڭ ئون يىل ئىشلىتىشىگە يېتەتتى.

— مۇبادا ئارالنى تاشلاپ باشقا بىر ياققا كەتمەكچى
بولساق، چىرايلىق بىر كېمە ياسايلى، مەن مۇشۇ كا-
ناپتىن غول يەلكەن بىلەن ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن تىـ
كىپ چىقاي، قالغىنىنى كىيىم-كېچەككە ئىشلىتەر-
مىز، — دېدى دېڭىزچى پېنكروف هاياجان بىلەن ۋارقىـ
راپ.

كاردىن چىققان شار ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئارالنى
ماكان قىلغۇچىلار ئىنتايىن زور كۈچ سەرپ قىلىپ،
نەرسىلەرنى بىر ئازادە ئۆڭكۈرگە سۆرەپ ئاپاردى، كەچكە
يېقىن ھەممە نەرسە-كېرەكلەر بېسىقتۇرۇلۇپ بولدى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار راسا چارچاپ ھالىدىن كەت-كەندى، ئۇلار غىزالىنىپ بولۇپ، ئۇخلاش ئۈچۈن تاش سارايغا يېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى. كېچە قاپقاراڭغۇ ئى-دى. مۇخبىر دەريا بويىدا تەشەككۇر دەرياسىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان نېمىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ بىردىنلا.

دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان نەرسە قاراڭغۇدا غىل-پال كۆرۈندى. ئۇلار يېقىن بېرىپ، دەريادا ئېقىپ كې-تىۋاتقان قېيىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ بىزنىڭ قېيىققۇ، — دېدى دېڭىزچى ۋارقى-راپ، — باغلاپ قويغان يەردىن يېشىلىپ كېتىپ ئېقىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىمۇ تازا ۋاقتىدا بولدى.

قېيىق قىرغاققا تارتىپ كېلىندى، ئىنژېنېر قې-يىققا ئالدى بىلەن چىقتى-دە، ئارغامچىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ قىيا تاشنىڭ قىرلىرىغا سۈركىلىپ ئۈزۈلگەن-لىكىنى ئېنىقلىدى. بۇ ۋەقە..... بۇ ئاجايىپ ۋەقە.... يەنىلا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئارالغا ماكانلاشقۇ-چىلارنىڭ دەريا بويىغا كېلىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان نەر-سىنى تۇتۇۋالىغۇدەك يەردە تۇرغىنىدا قېيىقنىڭ كې-لىپ قېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى، ئۇلار يەنە

ئازراق كىچىككەن، بولسا قىيىق دېڭىز ئىچىگە ئېقىپ كەتكەن بولاتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ھىماتچى ئىلاھقا ئىد-شىنىدىغان دەۋرلەردە يۈز بەرگەن بولسا، ئارالدا چوقۇم تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر ئىلاھىي كۈچ ئۆزىنىڭ سېھ-رىي كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ قى-ياس قىلغىلى بولاتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆڭ-كۈر يېنىدىكى قۇمساڭغا يېتىپ كەلدى، ھەممەيلەن تاش سارايغا چىقىدىغان شوتىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغدا توپ تۇيۇقسىز غەزەپ بىلەن ھاۋشىشقا باشلىدى، ئۇلار بىردىنلا شوتىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلدى!

## 8

بۇ بەكمۇ تۇيۇقسىز بىر زەربە بولدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئارغامچا شوتىنى ئىزدەۋاتقانىدى، ئۇ-لار توپنىڭ غەزەپ بىلەن ھاۋشىغىنىنى ئاڭلاپ ھاڭۋې-قىپ تۇرۇپ قېلىشتى ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار شوتىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتىمىكىن دەپ قاراڭغۇدا تاش تامنى سىلاپ كۆردى، ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتتىمىكىن دېگەن خىيال بىلەن پۈتۈن ئەتراپقا قاراپ چىقتى. لېكىن، شوتا ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەت-كەنىدى. بۇنى كۆرۈپ، بىر تۈرلۈك خەتەرنىڭ ئالامىتى

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك قىلدى، شوتىنى شامال ئۇچۇرۇپ تاش تامنىڭ بىرىنچى تەكچىسىگە چىقىرىۋەتتىمكىن، بۇنداق قاراڭغۇدا بۇنى تەكشۈرۈشكە ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

— بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، — دېدى مۇخبىر، — ھەممە نەرسە بەكمۇ ئېنىق، بىزنىڭ يوق ۋاقتىمىزدا بىرەرسى كېلىپ، سارىيىمىزغا كىرىۋالغاندىن كېيىن شوتىنى يىغىۋالغان.

— بىرەرسى كەلگەن دەمسىز؟! — دەپ ۋارقىرىدى پېنكروف، — بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىمدۇ؟

— ھېلىقى مىلتىق ئاتقان ئوۋچى! بۇ كېلىشمەس لىكنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرمىسەك قانداق چۈشەندۈردىمىز.

— ناۋادا يۇقىرىدا بىرەرسى بولۇپ قالسا، — دېدى ئاچچىقلىنىشقا باشلىغان پېنكروف تىللاپ تۇرۇپ، — مەن ئۇنى چاقىرىپ باقاي، ئۇ جاۋاب بەرمىسە، ئۇ يەردىن چىقىمەن دېگۈچى بولمىسۇن!

دېڭىزچىنىڭ ئاۋازى دالىنىڭ كېچە ئاسمىنىدا جاراڭلىدى.

دەل شۇ چاغدا، دېڭىزچى بىلەن قارشىلاشماقچى بولغاندەك بىرمۇنچە بەتبەشىرە مەخلۇق دېرىزە ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلار كۆرەڭلىگىنىچە دېرىزە قاپقىقىنى

ئىچىپ قويدى ـ دە، تۆرلۈك قىلىقلارنى قىلىپ، چىرا-يىنى پۈرۈشتۈرۈپ، سارايىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىدەك ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارغا قاراپ تۇرۇشاتتى، بۇ مەخ-لۇقلار بىر توپ مايمۇن ئىدى.

— بۇ راسا ئەخمەقنىڭ چاقچىقى دېمىدىممۇ! — دەپ ۋارقىرىدى پېنكروف، — بىراق، چاقچاقچىلاردىن بىرسى باشقىلىرى ئۈچۈن ئەدىپىنى يېسۇن!

دېڭىزچى مىلتىقىنى مۈرىسىگە تىرەپ تېزلا قارىغا ئالدى ـ دە، ئېتىۋەتتى. بىر مايمۇن يىقىلدى، باشقىلىرى تىكىۋەتتى. يەنە ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى، مايمۇنلار مۆكۈۋېلىپ تاشقىرىغا چىقمىدى.

ئوۋچىلار يېرىم سائەت ئىچىدە بىرنەچچە تاغ كەپ-تىرى ئېتىۋېلىپ قايتىپ كەلدى ـ دە، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلدى. شۇ چاغقىچە مايمۇنلارنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمىدى. يەنە ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئەھۋالدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. مايمۇنلاردىن ھېچقانداق دېرەك يوق. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقانداق ئامالى قالمىدى، شوتا بولمىسا تاش سارايغا كىرگىلى بولمايتتى. ئۇلار قوراللىرىنى ئېلىپ، جوتۇلى-رىنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلدىكى تۆپىلىككە چىقىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، مايمۇنلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بىراق، بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت كۈتۈش كېرەكلىكىگە

ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيتتى.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي توپنىڭ كاڭشىپ ھاۋشىغىنى ئاڭلاندى..... قارىغاندا، ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلاتتى، ئۆڭكۈردىكى مايمۇنلار توساتتىنلا نامەلۇم ئەھۋالدىن قورقۇپ قېچىش كويىغا چۈشكەنىدى. مانا ئەمدى مايمۇنلار ئېتىشقا ئوڭاي يەرگە چىقىشتى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ئاتقان ئوقىدا مايمۇنلارنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، يارىلىنىدىغىنى يارىلىنىپ، بىردەمدە ھەممىسى يوقالدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار تەنتەنە قىلىشتى، بىراق يەنە جىمىپ قالدى، ئۇلار ئۆڭكۈرگە قايتىپ كىرىشنىڭ تېخى ھېچبىر چارىسىنى تاپالمىغانىدى.

شۇ چاغدا شوتا ئۆڭكۈر بوسۇغىسىدىن كۆرۈنۈپ، پەسكە ساڭگىلاپ چۈشتى. بۇنىڭغا ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار دەماللىققا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. سايرېس سىمىت بىرىنچى بولۇپ شوتىغا ئېسىلدى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كەينىدىن يامىشىپ بىردەمدىلا ئىشىككە يېتىپ باردى. ئۇلار ھەممە يەرنى قاراشتۇرۇپ چىقتى. بۆلمىلەردە ھېچنېمە يوق. بىراق، ئۇلار بىر چوڭ مايمۇننى تۇتۇۋالدى. ئۇلار مايمۇننىڭ ئۆزىنى قوغداپ باتۇرانە ئېلىشىقىنىغا قارىماي، ئۇنى يىقىتىپ باغلىدى. پېنكروف مايمۇننى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئىنژېنېر

توسۇۋالدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، بىزگە شوتىنى مۇشۇ چۆشۈرۈپ بەردى، — ئىنژېنېر بۇ سۆزنى بىر غەلىتە ئاۋازدا ئېيتـ ـتى، ئۇنىڭ ئېيتقىنى دورۇسمۇ ياكى مۇنداقچىسىغىلا دەپ قويدىمۇ، بۇنى بىلمەك تەس ئىدى.

— ئۇھ! — دېدى پىنكروف، — ئەمدى بۇنى قانداق قىلىمىز؟

— خىزمەتكار قىلىمىز! — دېدى خاربېرت. ئۆسمۈر يىگىتنىڭ بۇ سۆزى چاقچاق ئەمەس ئىدى، ئارالنى ماـ كان قىلغۇچىلارغا ئۇنى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى ئاـ يان ئىدى. مايمۇن ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەـ قىللىق ھايۋان. ئۇلار مايمۇننىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. بۇ ئورانگۇتان ئىدى، يەنى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بىر تۈرىگە كىرەتتى، چىرايى ئاۋستىرالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تاقىم ئاراللاردا ياشايدىغان يەرلىك ھايۋانلارغا خاس ئىدى. بۇ مايمۇننىڭ ئېگىزلىدـ ـكى ئالتە فۇت كېلەتتى، كۆزلىرىدە ئەقىل ـ ئىدراك ئۇچقۇنداپ تۇراتتى، بۇرۇتىنىڭ ئاستىدا ئاپئاق چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. قارىماققا ئۇ يامان ئەمەستەك قىلاتتى، شۇڭا، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا «يۇپ» دەپ ئات قويدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر مەيدان ماجىرا ئارـ قىلىق «يۇپ» «تاش ساراي» غا ماكانلاشقۇچىلارنىڭ بىر

ئەزاسى بولۇپ قالدى.

9

شۇنداق قىلىپ، لىنكولىن ئارىلىغا ماكانلاشقۇچىلار ئاخىر ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ماكانىغا قايتىپ كېلىشتى؛ ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇنداق ئىشلارغا يولۇقماسلىق ئۈچۈن، ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ بىرقانچە پىلاننى مۇزاكىرە قىلدى، ئۇلار دەرياغا كۆۋرۈك سېلىپ، تاش سارايىنى ئارالنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرى بىلەن تۇتاشتۇرماقچى، ئادەتتىكى چاغلاردا تاش سارايغا ئاسما كۆۋرۈك بىلەن كىرىپ ـ چىقماقچى بولدى، بۇنداق قىلغاندا تېخىمۇ بىخەتەررەك بولاتتى؛ ئاندىن كېيىن هايۋانلارنى باقىدىغان قوتان ياساش زۆرۈر ئىدى.

ئەتىسى كۆۋرۈك ياساش قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ ئىشقا هەممەيلەن قاتنىششقا توغرا كەلدى. لىنكولىن ئارىلىغا ماكانلاشقۇچىلار ۋاقىتلىق ياغاچىلارغا ئايلاندى، ئۇلار هەرە، پالتا، ئىسكىنە، بولقىلىرىنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا چىقتى. تەشەككۇر دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىش ئىشى ئۈچ هەپتىدەك داۋاملاشتى، بۇ ئىنتايىن ئالدىراش مەزگىل بولدى، هەممەيلەن چۈشلۈك تاماقنى ئىش مەيدانىدا يېدى، كۆۋرۈك ياساش جەريانىدا هاۋا رايىمۇ

ئىنتايىن ياخشى بولدى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كەچلىك تاماقتىلا تاش سارايغا قايتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار يۇپىنىڭ مۇھىتقا تەدرىجىي ماسلاشقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يېڭى خوجايىنلىرىغا ئىچە-كىپ، قىزىقسىنىپ قارايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ خو-جايىنلىرىغا ھامان بىر خىل ئىنتايىن غەلىتە كۆز بىلەن قارايتتى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلمۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتى. بىراق پېنكروف ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭ باغلاقلىق پۇت ـ قوللىرىنى تامامەن بوشىتىۋەتمىدى.

كۆۋرۈك ياساش ئىشى ئاخىر تاماملاندى. ئەمدى ئۇلار تېرىقچىلىق قىلىشقا ئازراق تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. يىراق غەربىي ئورمانلىقنىڭ قويۇق چاتقاللىق رايونىدىن ئۆتۈپ ئېكىنزارلىققا بېرىشقا قۇلايلىق بول-سۇن ئۈچۈن، يېڭى بىر يول ياساشقا توغرا كەلدى. بۇ-نىڭغا خېلى ۋاقىت كېتەتتى. ئەمدى ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تاش ئۆڭكۈرىنى پۈتۈنلەي بى-خەتەر قىلىشى زۆرۈر ئىدى، شۇڭا، سايرۇس سىمىت خەندەكنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

بۇ ئىشلار دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتۈنلەي ئا-ياغلاشتى. پۈتكۈل كۆزنىتىش تۆپىلىكىدىن ئىبارەت بۇ رەتسىز بەش تەرەپلىك ئېگىز جاي ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تۆت دېڭىز مىلچە كېلىدىغان بىر پارچە سۇ بەلۋېغى

بىلەن قورشىلىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن تامامەن مۇداپىئەلەنگىلى بولىدىغان دەرىجىدە بىخەتەر ھالغا كەلتۈرۈلدى ۋە تاش سارايغا ئاسما كۆۋرۈك بىلەنلا بىۋاستە كىرگىلى بولىدىغان قىلىندى. تۆپىلىك تولۇق قورشىلىپ بولغاندىن كېيىن يۇپ تامامەن ئەركىنلىككە چىقتى، ئۇ ئەمدى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان بولدى، قېچىش نىيىتىدىمۇ بولمىدى. ئۇ ياۋاش بولغىنى بىلەن ناھايىتى ئەپچىل ۋە كۈچتۈڭگۈر جانىۋار ئىدى، شوتىغا يامىشىپ تاش سارايغا چىقىشقا توغرا كەلسە، ھېچكىم يۇپقا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارمۇ تاپشۇرۇلدى. ئەمدى ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئاتنىڭ ئورنىدا ئىشلەيدىغان بىرەر ھايۋان بولسىلا بولاتتى، پېنكروف ھارۋىنى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغانىدى. ناۋادا ھارۋىنى سۆرەيدىغان بىر ئات بولغان بولسا، ئىلگىرى بىر ھەپتىدە قىلغان ئىشنى بىر كۈندە تۈگەتكىلى بولاتتى. بىر كۈنى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆڭكۈردە ئالدىراش ئىشلەۋاتقانىدى، ئىنژېنېرنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ ھەممىسى يۈگۈرۈپ تاشقىرىغا چىقتى، چۈنكى كۆۋرۈكنىڭ توسۇقى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىككى جانىۋار ئاۋايلاپ ئۆتۈپ تۆپىلىككە بۆسۈپ كىرگەنىدى، بۇلارنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى بولۇپ، ئۇلار ئات

ياكى ئېشەككە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆچـتـۈگـگـۈر جانىۋارلار ئىدى. دېڭىزچى تۇيدۇرماي يۈگـۈرۈپ كـۆۋ- رۈككە بېرىپ ئارغامچىنى بىر كۆتۈرگەنىدى، ئاسما كۆۋرۈك ئوڭدا بولۇپ قېلىپ، قۇلانلار قامالدا قالدى. پېنكروف تۇتۇلغان بۇ چىرايلىق قۇلانلارنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن باشقۇرۇپ سىناپ كۆردى. ئۇ ئاخىر بۇ جانىۋارلارنى كۆندۈرۈپ قولىدىكى يەم- چۆپنى يەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەچكە، ئۇلار قۇلانلارغا قىينالمايلا يې- قىنلىشالايتتى. بىراق، ئۇلار ھارۋىغا قېتىلغاندا مۈگرەپ ئۆرىدەپ كېتەتتى، ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى، پېنكروف ئۇلارنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن يېرىم كۈن ھەپى- لەشكەندىن كېيىن، ئاخىردا يېتىلەپ ئېغىلغا ئەكىرىپ قويدى، مۇشۇنداق ھەپىلىشىۋەرسە، ئېھتىمال بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇلارنى ھارۋىغا قېتىپ، گاز شارى پور- تىغىچە بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار تۆپىلىك- تىن ئۈچ ئىنگلىز موسى چامىسىدا يەر ئاچتى، بىر قىسىم يەرلەرنى مەخسۇس قۇلانلارنىڭ ئوتلىشى ئۈچۈن قالدۇردى. ئۇلار يەنە بىرنەچچە قېتىم جەنۇب تەرەپتىكى ئورمانلىققا بېرىپ، پالەك، تورۇپ، چامغۇرغا ئوخشاش تاماقتا تەم كىرگۈزىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى ئېلىپ كەلدى. ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، بۇ ئۆسۈملۈكلەر تېز

ۋاقىتنىڭ ئىچىدە يېڭى يەرگە ئۆزلىشىپ لىنكولىن ئارىلىغا جايلاشقۇچىلارنىڭ بىرلا خىل بولۇپ كېلىۋاتقان تامىقىغا تەم كىرگۈزەتتى. ناب بىلەن پېنكروف ئۆزلە-رىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماس-لىقى ئۈچۈن چۆپلۈك ئەتراپىنى توسۇپ پۇختا قاشا يا-ساپ، باشقا هايۋانلار ئۆتەلمەيدىغان قىلىپ قورشىدى. گاز شارى قېپىدىن كىيىم تىكىش ۋاقتى ئاخىر يېتىپ كەلدى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار تىككۈچى بولۇپ كەتتى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى كىيىم-كېچەكلەر تى-كىلىپ بولدى، كۆڭلەك، ئىشتان، هەتتا پەلەي، پايپاق-لارمۇ تىكىلدى. ئۇلار يەنە تيۇلېن تېرىسىدىن ئاياغ كىيىملەرنى تىكىپ چىقتى، يېڭى ئاياغلار ئازادە ۋە پۇختا بولۇپ، يول ماڭغاندا پۇتنى قىستىمايتتى. بۇ ۋا-قىتتا، زېرەك يۇپ مالايلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئادا قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئىشتان-چاپان تىكىپ كىيگۈزۈلدى ۋە يانچۇقلۇق پەرتۇق تارتىلدى. يۇپنىڭ بۇنىڭدىن خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي كەتتى، ئۇ ئىك-كى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدىغان، يانچۇقىنى باشقا بىرسىگە ئاختۇرتمايدىغان بولدى. نابنىڭ كۆندۈ-رۇشى بىلەن بۇ چاققان مايمۇندا ئىلگىرىلەش ناهايىتى زور بولدى. ئۇ يۇپ بىلەن سۆزلىشىپ كەتسە، باشقىلار ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقىدىكەن دەپ قالاتتى.

يۇپ نابقا ئىخلاسمەنلىك قىلىدىغان، نابمۇ يۇپقا كۆيۈ-
نىدىغان بولدى. يۇپنىڭ ئوتۇن توشۇشتىن، دەرەخ ئۇچىغا
چىقىشتىن قولى بوشايدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى، ئۇ
ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناب بىلەن بىللە ئاشخانىدا
ئۆتكۈزۈپ، ناب نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ، نابنى دوراش
بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بىر كۈنى ئويلىمىغان يەردىن
يۇپنىڭ مۇرىسىگە لۆڭگە ئارتىپ خىزمەت قىلىغىلى
ئۇستەل يېنىغا كېلىشى ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنى
قاتتىق خۇشال قىلدى. ئەپچىل، زېرەك مايمۇن ئۆز ۋە-
زىپىسىنى چەبدەسلىك بىلەن ئورۇندايتتى؛ ئۇستەلگە
سەيلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، چىنە ـ قاچىلارنى يىغاتتى،
چاي قۇياتتى؛ قىسقىسى، ھەممە ئىشلارنى تەمكىنلىك
بىلەن قىلاتتى، تاش سارايدا غىزالىنىۋاتقانلار بۇنىڭغا
ھەيران قېلىپ تېلىقىپ كۈلۈشتى.

يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرى يېقىنلىشىپ كەلگەندە،
ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئارال مەركىزىدە بىر چوڭ
ئىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ ئىش خېلى بۇرۇنلا پىلانلانغان
ئىش ئىدى، يەنى ئۇلار تەشەككۈر دەرياسىنىڭ باش تە-
رىپىگە يېقىن جايدا، فرانكلىن چوققىسىنىڭ ئېتىكى
ئاستىدا، كۆشەيدىغان ھايۋانلار ئۈچۈن قوتان سالماقچى
بولدى. بۇ جاي چارۋا بېقىلىدىغان قاشاغا يېقىن، تاش
سارايغا يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىر ئايدىن ئار-

تۇق ئىشلىدى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئورمانلىقتىن ئەكىلىپ، كۆزىتىش تۆپىلىكىگە تىزىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى سوغۇق چۈشكىچە بار ئىمكانىيىتى بىلەن پەرۋىش قىلدى. خارىبىرت ھەر قېتىم سەيلىگە چىقىپ قايتقاندا، بىرمۇنچە كېرەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى سۆپەتلىك ماي چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېيى تولىمۇ تەملىك بولۇپ، يېگىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھازىر كۆكتاتلىقنى تولىمۇ رەتلىك باشقۇ- رىدىغان بولدى.

2 ـ مارت كۈنى ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىپ ھاۋا گۈلدۈرلىدى. كۈن چىقىش تەرەپتىن بوران كۆتۈرۈلۈپ، كەپتەر تۇخۇمىدەك مۆلدۈرلەر چۈشۈشكە باشلىدى. يام- غۇر ـ يېشىن سەككىز كۈنگە سوزۇلدى. باشقا يەردە ئالدىراش ئىش بولمىغانلىقتىن، ئارالنى ماكان قىلغۇ- چىلار ھاۋا رايىنىڭ بۇزۇلغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ يې- ڭى جاھازلارنى ياساپ، كۈندىن ـ كۈنگە تولۇقلىنىپ كېتىۋاتقان تاش سارايىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئىنژېنېر قىرغۇچى ئىستانوكنى ئورناتتى ـ دە، يۇيۇ- نۇشقا ۋە ئاشخانىغا زۆرۈر بولغان بىر تالاي نەرسىلەرنى قىرىپ ياسىدى، ئۇلارغا تولىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتقان تۈگمە

ياسىدى. ئۇلار مىلتىقنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پاكىز ساقلاشنى كۆزلەپ، مىلتىق قويىدىغان مەخسۇس جازا ياسىدى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان ساراي چوڭ بىر سېخقا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار يەنە تىنىم تاپماستىن ھەرە بىلەن ياغاچ تىلىش، كېسىش ۋە رەندىلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھاۋا رايى يامانلاشقان شۇ كۈنلەردە پەقەت ئۇسكۈنىلەرنىڭ ئاۋازى، ئىستانوكنىڭ ۋىژىلدىشى، ئۇنىڭغا جاۋابەن ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىلا ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇلار بوش قالغان ۋاقىتلىرىدا كىيىم يۇيۇش، كاۋاپ پىشۇرۇش، ئۆي تازىلاش، تۈرلۈك ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىپ تەييارلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تەن سالامەتلىكلىرى ناھايىتى ياخشى ئىدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە خاربېرتنىڭ بويى ئۆستى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە بوي تارتىپ، كېلەچەكتە ئەقىل ـ پاراسىتى بەستىگە لايىق، يېتىلگەن، راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. بۇ ئۆسمۈر بالا ئۆگىنىش ئۈچۈن بار بولغان پۇرسەتنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلاندى. ئۇ ساندۇقتىن تېپىلغان كىتابلارنى ئوقۇپلا قالماي، تۇرمۇشتىن نۇرغۇن تەجرىبە ـ بىلىملەرنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىنژېنېر بىلەن مۇخبىرمۇ ئۇنىڭغا ئىلىم ـ بىلىم ۋە تىل ئۆگىتىدىغان ياخشى

ئۇستاز بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككىسى بىلگەنلىرىنى ئۇس-مۇر يىگىتتىن ئايىمىدى. ئىنژېنېر بۇ چاغدا ئۇنىڭغا يەنە يېڭى خىزمەت ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ تۇرلۇك تەييار-لىقلار پۈتكەندىن كېيىن ئەينەك ياساشنى سىناپ كۆ-رۈشكە باشلىدى.

مارتىننىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى، ئوچاقنىڭ هارارد-تى قىزىپ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 100 ئۇلۇش قۇم، 35 ئۇلۇش ئاق توپا، 40 ئۇلۇش كىسلاتالىق - تۇزلۇق سودا ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىرلىكتە ئېرىتىلىپ، ئەينەك ياسايدىغان خام ئەشيا تەييارلاندى. ئاندىن ئۇ ئوتقا چىد-داملىق ئىدىشقا سېلىندى. بۇ خام ئەشيالار ئوت تەپتىد-دىن ئېرىپ سۇيۇق جىسىمغا، يەنى بوتقىغا ئايلانغاندا، سايرېس سىمىت تۆمۈر نەيچە بىلەن بوتقىدىن ئازراق ئېلىۋالدى - دە، ئۇنى پۈۋلەشكە ئوڭاي هالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنئالا هازىرلاپ قويۇلغان تۆمۈر تاختا ئۈس-تىگە تۆكۈپ، بىرنەچچە رەت دومىلاتتى. ئاندىن كېيىن نەيچىنى خاربېرتقا بەردى. خاربېرت ئېرىتمىدىن پەيدا بولغان چىنىسىمان كۆپۈكنى چوڭايتىش ئۈچۈن قوۋۇ-زىنى كۆپتۈرۈۋېلىپ، تۆمۈر نەيچىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ هە دەپ پۈۋلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەينەك تېزلا كۆپۈپ، سىلىندىر شەكلىگە كەلدى. ئىككىنچى قېتىم ئوتقا سېلىپ يۇمشىتىپ، تۆمۈر تاختىغا تۆكۈپ نوغۇچ بىلەن

سىلىقلىدى، بۇنىڭ بىلەن تۇنجى تاختا ئەينەك تەييار بولدى. شۇنداق قىلىپ، تاش سارايىنىڭ دېرىزىلىرىگە كۆپ ئۆتمەي يېتەرلىك يورۇقلۇق چۈشۈرىدىغان پارقىراق ئەينەكلەر سېلىندى. تۆمۈر نەيچىنى پۈۋلەش ئارقىلىق ئىستاكان، بوتۇلكا قاتارلىقلارمۇ ياسالدى. پېنكروفنىڭ قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۆرلەپ، غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپ پۈۋلەۋەردى، شەكلى خىلمۇخىل بولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر ياسىلىۋەردى. ئەتىسى ئىنژېنېر سېكستانتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارالنىڭ كوئوردېناتىنى قايتا ئۆلچىدى. بۇ قېتىم ئۆلچەشتە بۇ ئارالنىڭ ئېنىق ئورنى غەربىي مېرىدىئان 150°30′تا، جەنۇبىي پاراللېل 34°57′ تا بولۇپ چىقتى.

— ئەمدى، — دېدى گېدىيون سپىلېت، — بىزدە ئاتلاس بولغاندىكەن، لىنكولىن ئارىلىنىڭ تىنچ ئوكيانىنىڭ قەيېرىدە ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

ئىنژېنېر تىنچ ئوكيانىنىڭ خەرىتىسىنى يېيىپ قويۇپ، ئارالنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي، بىردىنلا ۋارقىراپ تاشلىدى:

— تىنچ ئوكيانىنىڭ مۇشۇ تەرىپىدە يەنە بىر ئارال بار ئىكەن.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز بىزنىڭ مۇشۇ ئارال

بولمىغىيدى، — دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پېنكروف.

— ياق، ئۇ ئارالنىڭ كوئوردىناتى غەربىي مېرىدىئان ° 153 بىلەن جەنۇبىي پاراللېل 37°11′ تا، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ لىنكولىن ئارىلىدىن 2°5′ غەرب تەرەپتە، ° 2 جەنۇبتا.

— ئۇ قايسى ئارال ئىكەن؟

— تابور ئارىلى. تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدا يې-گانە قالغان كىچىككىنە ئارال، بىزدىن تەخمىنەن 150دېڭىز مىلى يىراقلىقتا.

— 150 دېڭىز مىلى! ھېچقانچە ئەمەسكەن، — دېدى پېنكروف، — شامال ئوڭ كېلىپ بەرسە، 48 سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولغۇدەك!

**10**

شۇنداق قىلىپ، كېمە ياساش ئىشى قارار قىلىندى. پېنكروف چوڭراق بىر كېمە ياساشقا تۇتۇش قىلدى. ئىنژېنېر پېنكروف بىلەن كېڭىشىپ، مۇنداق لايىھە تۈزۈپ چىقتى: كېمە ئۇزۇنلۇقى 35 فۇت، كەڭلىكى توققۇز فۇت بولۇشى كېرەك. كېمە ياساش ئۈچۈن، يا-غاچنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. ئارالدىكى دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارىياغاچ بىلەن ئاق قارىغاي ئىدى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ياغىچى

ناھايىتى چىڭ چىقاتتى. ئۇلار بىردەك ئاق قارىغايىنى لايىق كۆردى. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاندەك، پېنكروف ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ ياخشى ئورۇندايتتى، ئۆزىنىڭ مەيلىچە بولسا، ئىشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمايتتى. مۇشۇ پەيتتە ئىك-كىنچى قېتىملىق ئورما مەزگىلى يېتىپ كەلدى، بۇغدايدىن بىرىنچى قېتىملىقىغا ئوخشاشلا ياخشى ھو-سۇل ئېلىندى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ غەيرىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، مۇشۇنداق غەيرەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بۇغداي ئۇنىدا قىلىنغان بولكىنى يېيىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئۈچىنچى قېتىم تې-رىلىدىغان يەر كۆلىمى ئالدىنقى ئىككى قېتىمقىدىن خېلى چوڭ بولدى. يەنە كېلىپ، يەرلەر ئىنتايىن ئەس-تايىدىللىق بىلەن ئاغدۇرۇلدى. ياخشى تەييارلانغان يەرگە قىممەتلىك ئۇرۇقلار تېرىلدى. پېنكروف تېرىقچىلىق ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ كېمە ياساش ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا گېدىيون سىپىلېت بىلەن خاربېرت ئەتراپتا ئۇۋچىلىق قىلىپ يۈردى. ئىيۇن كېلىشى بىلەن قىش كىردى. قوتاندىكى تاغ تېكىلىرىنىڭ يۇڭى قىرقىۋېلىندى ـ دە، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ئەمدىكى ئىشى يۇڭنى رەخت قىلىپ توقۇپ چىقىش بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى

قىممەتلىك توقۇلما خام ئەشيا ماتېرىيالى بولۇپ، بۇ-لاردىن ئىسسىق ھەم پۇختا كىيىملەرنى تىكىشكە بو-لاتتى. بۇ ئىش سايرىس سىمىتنىڭ چېۋەرلىك بىلەن باشقۇرۇشى ئارقىسىدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ياخشى ئورۇندالدى. ئالدىنئالا سوپۇنلۇق سۇغا چىلاپ قويۇلغان يۇڭ قېلىن كىگىزگە ئوخشاش بىرنەرسە بولۇپ ئەيلە-نىپ چىقتى. ئۇنى قايتا باسقاندا غودۇر - چوقۇرلىرى بېسىلىپ تەكشى نېپىزلىنىپ، كىيىم ۋە ئورۇن - كۆرپە تىكىشكە يارايدىغان رەختكە ئايلاندى، مۇشۇ يول بىلەن ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار قېلىن ئورۇن - كۆرپە ۋە ئىسسىق كىيىم بىلەن تەمىنلىنىپ، 1866 - يىلى-نىڭ قىشىنى قورقماستىن قارشى ئالالايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

قەھرىتان سوغۇق ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى باشلاندى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار شۇ سەۋەبلىك كېمە ياساش ئىشىنى ۋاقىتلىق توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. پېنك-روف بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. تابور ئارىلىغا بېرىپ ئۇنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۇنىڭ خىيالىدىن زادىلا كەتمىدى. بىر كۈنى خاربېرت بىر ئالباتروس قۇشى (بورانقۇش)نى ئېتىپ چۈشۈردى، ئۇ يېنىك يارىلانغانىدى. خاربېرت ئۇنى ناھايىتى تەستە تۇتتى. بۇ يوغان قاناتلىقلار خىلىغا كىرىدىغان، قانىتى ئۇزۇن، تىنچ ئوكياننىڭ

چەكسىز ـ بىپايان سۇيى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيدىغان كارامەت چىرايلىق قۇش ئىدى. ئۇنىڭ يارىسى ئاز ۋا- قىتتىن كېيىن ساقايدى، خاربېرتنىڭ ئۇنى باققۇسى كەلدى، ئۇ قۇشنى ئۆگەتمەكچى بولۇۋىدى، گېديون سى- پىلىت مۇشۇ ئۇچار قۇشنىڭ ياردىمى بىلەن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى ئادەمزات بار يەرلەر بىلەن ئا- لاقىلىشىشكە مۇمكىن بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش كېرەك دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى، خار- بېرت بۇ تەكلىپكە كۆندى، ئەگەر بۇ قۇش نەدىن بول- مىسۇن بىرەر ئادەم بار يەردىن ئۇچۇپ كەلگەن بولسا، قويۇپ بەرگەندىن كېيىن توختىماي شۇ ياققا ئۇچۇپ كېتىشى ئېنىق. شۇڭا گېديون سىپىلىت قىسقىلا خەت يېزىپ، ئۇنى رەختتىن تىكىلگەن بىر خالتىغا سالدى، ئۇ خەتتە بۇنى تېپىۋالغۇچىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەت- ئىينەزەر، ئۇنى «نيۇيورك ئاساسچىلىرى» گېزىتىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرىش سەمىمىي تەلەپ قىلىنغانىدى. خالتىنى ئالباتروس قۇشىنىڭ پۇتىغا باغلىماي، بوينىغا ئېسىپ قويدى. ئارالنى ماكان قىلى- غۇچىلار بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىگەن بولسى- مۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇمان ئىچىگە شۇڭغۇپ، كۆزدىن يىتكىنىگە ھاياجان بىلەن قاراپ قېلىشتى.

بۇ پەسىلدە ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كىيىم يا-



ماش، تىكىش ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىدى، شار قىپىپى ئىشلىتىپ تۈگەتكۈسىز چوڭ ئىدى، ئۇلار شار قىپىدىنىڭ قالغان قىسمىنى كېسىپ، كېمىگە يەلكەن تىكتى.

ئىيۇل ئېيىدا قەھرىتان سوغۇق بولدى. بىراق، ئاۋالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ئوتۇن ـ كۆمۈرى مول ئىدى. سايرېس سىمىت چوڭ زالغا يەنە بىر چوڭ تام مەش ئورناتتى ـ دە، ئۇلار قىشنىڭ ئۇزۇن ئاخشاملىرىنى شۇ مەش يېنىدا ئۆتكۈزۈشتى.

بىر كۈنى گېدىيون سىپىلېت ئىنژېنېرغا مۇنداق بىر سوئال قويدى:

— قەدىرلىك سايرېس ئەپەندى، سىز سودا ـ سانائەت ئىشلىرى توختاۋسىز راۋاجلىنىدۇ دېگەنتىڭىز، بىراق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالىدىغان، ھەتتا ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدىغان خەۋپلىك چاغلارمۇ بولارمۇ؟

— نېمە ئۈچۈن؟

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەڭ قىممەتلىك قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدىغان كۆمۈرنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن.

— ھەقىقەتەنمۇ كۆمۈر ئەڭ قىممەتلىك بايلىق، — دېدى ئىنژېنېر، — كۆمۈرنىڭ قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى تەبىئەتنىڭ ئۆزىلا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

چۈنكى، ئالماس دەل ساپ كۆمۈرنىڭ كرىستاللىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ ئەمەسمۇ.

— سىزچۇ سايرىس ئەپەندى، — دەپ پېنكروف سۆزگە ئارىلاشتى، — بىز بىر زامانلاردا كۆمۈر ئورنىغا ئالماس قالايمىز دەۋاتمايدىغانسىز؟

— بىراق شۇنى تەكىتلەپ قويايكى، — دەپ گېدىيون سىپىلېت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — هامان بىر كۈنى كۆمۈر تامامەن يېقىلىپ تۈگەيدۇ، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلماس.

— ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا نېمىلەرمۇ تېپىلىپ قالار، — دېدى خاربېرت.

— شۇنداق بولسىدى. ئىلاھىم! — دېدى سىپىلېت خاربېرتنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — كۆمۈر بولمىسا ما-شىنا توختاپ قالىدىغۇ، ماشىنا بولمىسا پاراخوت، پويىز، زاۋۇتلارمۇ بولمايدۇ. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر كۆمۈرنىڭ ئورنىغا نېمىنى يېقىلغۇ قىلىدۇ؟

— سۇنى، — دەپ جاۋاب بەردى سايرىس سىمىت.

— سۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى پېنكروف، — پارا-خوت بىلەن پاراۋوزنى سۇغا تايىنىپ ھەيدەمدۇق؟ سۇنى كۆمۈر ئورنىدا قالامدۇق؟

— ھەئە، بىراق سۇ تەركىبىدىكى ئېلېمېنتلارنى پارچىلىغاندىلا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ، سۇ — كىلە-

چەكتىكى كۆمۈر.

— ئۇنىڭ قانداق كۆيۈشىنى كۆرسەم ئىدىم - ھە!.......

ئۇلارنىڭ پارىگى تۈپىنىڭ ھاۋشىشى بىلەن ئاخىر- لاشتى، ئۇ بىردىنلا ئاجايىپ ئاۋازدا ھاۋشىغانىدى، ئىت- نىڭ بۇنداق ھاۋشىغىنىغا ئىنژېنېر ئالاھىدە دىققەت قىلدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە تۈپ ئىچكى كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىكى قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى چۆرگىلەپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

— بۇ تۈپ نېمىگە ھاۋشىيدۇ؟ — دەپ سورىدى پېنكروف.

— يۇپمۇ غىڭشىۋاتىدۇ، — دېدى خاربېرت قوشۇمچە قىلىپ.

راستتىنلا مايمۇن قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئىتقا قوشۇلۇپ غىڭشىماقتا ئىدى، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھايۋانلارنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا، ئۇلار نېمە بىلەندۇ ئۆ- چەكەشكەن ئەمەس، بەلكى بىئارام بولغان ھالەتتە ئىدى.

— بۇ قۇدۇقنىڭ تېگى، — دېدى گېدىيون سىپېد- لېت، — دېڭىز بىلەن تۇتاش ئوخشايدۇ، بىرەر دېڭىز ھايۋىنى پات - پاتلا مۇشۇ يەرگە ئۈزۈپ كېلىپ دەم ئالسا كېرەك.

— ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق! — پېنكروف ئۇنىڭ سۆ-

زىنى قوللىدى، بۇنى باشقىچە چۈشىنىشكە بولىماس! ئاندىن پېنكروف ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، توپ بىلەن يۈپنى چاقىرىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئىت بىلەن مايمۇن جىممىقتى. مايمۇن تۆشىكىگە قايتتى. بىراق توپ كەتمىدى. ئۇ كېچىچە پات ـ پاتلا ھاۋشىپ، خىرقىراپ چىقتى.

«بۇ قۇدۇقنىڭ زادى قانداق سىرى باردۇ؟» ئىنژېنېر قايىقىنى سىلىپ ئويلىنىپ قالدى، توپ بۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى قايتا ـ قايتا ئايلىنىپ نېمىشقا يۈگۈرۈۋېرىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەمىشە شۇنداق ئاجايىپ ئاۋازدا ھاۋ-شىيدۇ؟ بىر كۈنى كەچتە سايرىس سىمىت ھەمراھلى-رىنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى يالغۇز قۇدۇققا چۈشۈپ تەكشۈردى. ئۇ يېتەرلىك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال ئارغامچا شوتىنى قۇدۇق ئاغزىغا سۆرەپ ئەكەلدى ـ دە، بىر چېتىنى چىڭ باغلاپ، ئىككىنچى ئۇچىنى قۇدۇققا چۈشۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پانار يېقىپ، كارابىن مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ، بالداق بىلەن تۆۋەن چۈ-شۈشكە باشلىدى. قۇدۇقنىڭ ئىچكى تاملىرىنىڭ ھەممە يېرى ئۇيۇل گرانت تاش بولۇپ، باشقا ئۆڭكۈرلەر يوق ئىدى، لېكىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بەلگىلىك ئارىلىقتا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تاش باسقۇچلار بار ئىدى. ھەرقانداق بىر ئەپچىل مەخلۇق مۇشۇ باسقۇچلارنى دەسسەپ

قۇدۇقنىڭ ئېغىزىغا كۆتۈرۈلەيتتى. ئىنژېنېر پانارنىڭ يورۇقىنى ھېلىقى باسقۇچلارغا چۈشۈرۈپ سىنچىلاپ قارايمۇ شۇبھىلەنگۈدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ئەڭ ئا-خىرقى بىرقانچە باسقۇچقا يەتكەندە، تېپتىنچ دېڭىز سۈيىنى كۆردى. سۇنىڭ زادى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىگە ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيتتى.

سايرېس سىمىت ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈستىگە چىقىپ، ئارغامچا شوتىنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋېلىپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى قايتا ياپ-تى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، بىراق بۇ زادى قانداق سىردۇ؟......

## 11

سوغۇق يەنە بىر ھەپتە سوزۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئا-رالنى ماكان قىلغۇچىلار باققان قۇشلىرىدىن خەۋەر ئېلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلماي، كۈننى تاش سا-رايدا ئۆتكۈزدى. پېنكروفمۇ خاربېرتنىڭ ياردىمىدە كېمە يەلكىنىنى راسلاپ چىقتى. شار قېپى بىلەن بىللە تې-پىلغان ئارغامچىلار كارغا كەلدى، دېڭىزچى شار تورى-نىڭ پۇختا كەندىر ئارغامچىلىرىدىن جايىدا پايدىلاندى، كېمە يەلكەنلىرى تابور ئارىلىغا بارالىغۇدەك ھالەتتە

پۇختىا ھەم چىرايلىق بولدى.

شۇنداق قىلىپ، سوغۇق پەسىل ئاخىرلىشىدىغانغا ئاز قالدى. ئارالدا ئۆتكەن ئىككىنچى قىشتا ئالاھىدە ۋەقە يۈز بەرمىدى. بىراق، ئاۋغۇستنىڭ 11 ـ كۈنى كېچىدە كۆزىتىش تۆپىلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىشكە تاس ـ تاس قالدى. كۈندۈزدىكى ئېغىر ئەمگەكتىن كې-يىن ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكە-نىدى. ئۇلارنى ئەتىگەنلىكى سائەت تۆتتە توپنىڭ قاتتىق ھاۋشىشى ئويغىتىۋەتتى. ئىت بۇ قېتىم قۇدۇق ئاغزىغا بېرىپ ھاۋشىماي، ئىشىكنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە تاتىلاپ تۇرۇپ ھاۋشىدى. يۇپمۇ چىرقىراپ كەتتى. ئۇلار چالا ـ بۇلا كىيىنىشىپ دېرىزە يېنىغا يۈگۈرۈپ كې-لىشتى ـ دە، دېرىزىنى ئېچىپ، تۆپىلىك سىرتىدا كەم بولغاندا يۈزدەك تۈلكىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى، تۈلكى-لەرنىڭ كۆزلىرى كېچىدە ئېتىلغان ئوقتەك يالت ـ يۇلت قىلاتتى.

— كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز ـ دە، — دېدى سىپىلېت، — ئۇلارنى ئۆتكۈزمەسلىك كې-رەك!

— ئۇلار ئۆتەلمەيدۇ! ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئىنژېنېر.

شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان دەھشەتلىك جەڭ باشلاندى،

ملتىقلار ئۇزۇلمەي ئېتىلدى. تۇلكىلەر توپى ئۆتەلمىدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلمىدى. كەينىدە كېلىۋاتقانلىرى ئالدىدا كېلىۋاتقانلىرىنى ئالغا تۇرتۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ملتىقتىن ئوق ئۈزۈپ، پالتا بىلەن چېپىپ، يىرتقۇچلارغا زەربە بېرىشىگە توغرا كەلدى. قار ئۈستىدە ئۆلۈپ ياتقان تۇلكىلەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى، بىراق تۇلكىلەر توپى زادىلا ئازايمىغاندەك، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۆلارنىڭ توپىغا ئۈزلۈكسىز كۈچ قوشۇلۇۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، تۇلكىلەر توپىنىڭ كۆزىتىش تۆپىلىكىگە چىقىشىغا يول قويماسلىق لازىم ئىدى، ھېيلىگەرلەر ئۇ يەرگە بېرىۋالسا، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ تېرىلغۇسى بىلەن قوتانلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. ھەممەيلەن ئېلىشىش جەريانىدا ئانچە ـ مۇنچە يارىلاندى، بىراق بەختكە يارىشا يارىلىرى يېنىك ئىدى. ئارقىدىن كېلىپ نابقا يولۋاستەك ئېتىلغان بىر تۇلكىنى خاربېرت كارابىن بىلەن ئېتىپ، نېگىرنى ئامان ـ ئېسەن قۇتقۇزۇۋالدى. توپ ھەددىدىن زىيادە چېۋەرلىك بىلەن ئېلىشتى. ئۇ تۇلكىلەرنى كانىيىدىن ئېلىپ، بىر ـ بىردىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەردى. يۇپ قولىدىكى توقمىقىنى ئىككى يېقىغا شىلتىپ تۇلكىلەرنى ئايىماي ئۇردى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ تۇلكىلەرنى

توسۇش ئۇچۇن قىلىغان ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتمىدى، بۇ ئۇرۇشتا ئاخىر ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار يەڭدى، بۇ ئۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق بۇنىڭ ئۇچۇن بىرنەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ بولدى! تۇلكىلەر تاڭ يورۇشى بىلەنلا قېچىپ كېتىشتى، تۆپىلىكتە ئەللىكتىن ئارتۇق تۇلكىنىڭ ئۆلۈكى قالغانىدى. ناب يوگورۇپ بېرىپ، كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈپ قويدى. بۇ قېتىمقى كۈتۈلمىگەن ۋەقە ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئۇنتۇلماس ساۋاق بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار ھەرىكەتتە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى. سېنتەبىر ئېيىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قىشمۇ ئاساسەن ئاخىرلاشتى. ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارمۇ غەيرەت بىلەن ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. كېمە ياساش ئىشى تېز ئىلگىرىلىدى: كېمە تولۇق قاپلىنىپ بولۇپ، ئەمدى جاھازلىرى ئورنى-ئورنىغا كەلتۈرۈلدى. پار ئارقىلىق يۇمشىتىلىپ ئېگىلگەن ياغاچ دېيەكلەر كېمىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە بېكىتىلدى. ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى كېمە سۇغا چۈشۈرۈلدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كېمىنىڭ سۇغا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشىپ چاۋاك چېلىشتى. شۇ پەيتتە پېنكروف خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىتىپلا قويغانىدى. كېمە ياساش ئىشى ئاياغلىشىشى بىلەن ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار

پېنكروفنى شۇ كېمىنىڭ باشلىقى قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى، كېمە باشلىقى پېنكروف بۇ كېمىگە «دولقۇن يارار» دەپ نام بەردى. چۈشتە، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كېمىگە چىقىشتى، پېنكروفنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن، ماچىمدا لىنكولىن ئارىلىنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان «دولقۇن يارار» ئوچۇق دېڭىزغا چىقتى. كېمە دېڭىزدا ئىنتايىن لەرزان ئۈزمەكتە ئىدى. خاربېرت باشتىن-ئاخىر كېمىنىڭ تۇمشۇقىدا تۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بىردىنلا پالۇبىدا يېتىپ قولىنى سۇغا ئۇزاتتى-دە، سۇدىن بىر بوتۇلكىنى سۇزۇۋالدى، بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە بىر پارچە خەت بار ئىدى. سايرېس سىمىت خەتنى قولغا ئېلىپ ئاچتى. خەتتە خەتەرگە ئۇچرىغان بىرسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يېزىلغانىدى. ئۇ تابور ئارىلىدا بولۇپ، بۇ يەردىن بىرنەچچە يۈز دېڭىز مىلى يىراقلىقتا ئىدى. سايرېس سىمىت خەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى:

— تابور ئارىلىدىكى خەتەرگە ئۇچرىغۇچى دېڭىز قاتنىشى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمى بار كىشى بولسا كېرەك، چۈنكى، ئۇنىڭ ئارالنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ مېرىدىئان ۋە پاراللېللىرى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى بىزنىڭ ئېنىقلىغان مەلۇماتىمىز بىلەن مىنۇتلىرىغىچە ئوخشاش چىقىۋاتىدۇ؛ ئۇ ياكى ئەنگلىيىلىك ياكى ئامېرىكىلىق بولسا كېرەك. نېمىشقا دېسەڭلار، بۇ خەت

ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق! — دېدى سىپېد-لېت، — ئۇ ئادەمنىڭ شۇ يەردە بولۇشى ساندۇقنىڭ بىزنىڭ ئارالغا نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ چۈشەن-دۈرۈپ بېرىدۇ. خەتەرگە ئۇچرىغان ئادەم بولغان ئىكەن، خەتەرگە ئۇچرىغان كېمە بولۇشىمۇ مۇمكىن. خەتەرگە ئۇچرىغۇچى كىم بولسا بولسۇن، ئەيتاۋۇر تەلىيى بار ئادەم ئىكەن. چۈنكى، پېنكروفنىڭ ئويىغا كېمە ياساش پىكرى كېلىپ، ئۇنىڭ دەل بۈگۈن سىناقتىن ئۆتكە-نىنى قارىمامدىغان! ئەگەر بىز بىر كۈن كېچىككەن بولساق، بۇ بوتۇلكا قىرغاقتىكى قىيا تاشلارنىڭ بى-رەرسىگە سوقۇلۇپ سۇنۇپ يوقالغان بولاتتى.

— بوتۇلكا لەيلەپ يۈرگەن چاغدا «دولقۇن يارار» نىڭ نەق بۇ يەردىن ئۆتكىنىنى دېمەمسىلەر، بۇ بىر چوڭ ئامەتتە، — دېدى خاربېرت.

— بۇ ئىش سىزگە غەلىتە تۇيۇلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سايرېس سىمىت پېنكروفتىن.

—..... بۇ ... بىر تاسادىپىيلىق... — دېدى دېڭىزچى جاۋابەن، — بۇنىڭدىن ھەيران قالغۇدەك بىرنېمە سېزد-ۋاتامسىز!؟

سايرېس سىمىت ئارتۇق گەپ قىلمىدى، ئۇ ھېلىقى نەملىشىپ كەتكەن قەغەزنى ئالچتى. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ

يېزىلغانىدى:

*«خەتەرگە ئۇچرىدىم...... تابور ئارىلىدىمەن......° 153 غەربىي مېرىدىئاندا...′37°11 جەنۇبىي پارالېلدا.»*

— بىر خەتەرگە ئۇچرىغۇچى! — دەپ ۋارقىرىدى پېنكروف، — بىز ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەتىلا يولغا چىقايلى!

## 12

ئەتىسى «دولقۇن يارار» تىرناق تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سائەت تۆت بولاي دېگەندە تەشەككۈر دەرياسى ئېغىزىدىن ئايرىلىپ تابور ئارىلىغا قاراپ يول ئالدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بىر - بىرى بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. بۇ قېتىملىق ۋەزىپىنى پېنكروف، سىپىلېت ۋە خاربېرت ئۈچىسى ئۈستىگە ئالدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا رايى ياخشى بولدى، كۆن ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلىغانىدى. ئىنسانپەرۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا تەمشەلگەن بۇ ئادەملەرگە ھەممىلا شارائىت قولايلىق بولۇپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇلار ئارالدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇل غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇچىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن «دولقۇن يارار» دىكىلەر قۇرۇقلۇقنى كۆردى، ئۇنىڭ تابور ئارىلى ئىكەنلىكىدە

گەپ يوق ئىدى. كېمە قىرغاققا تۆتتىن بىر دېڭىز مىلى قالغاندا يولۇچىلار يەلكەنلەرنى يىغىشتۇردى، ئۇ. زۇن ئۆتمەي ئۇلار قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئۇلار قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ قىرغاققا چىقتى - دە، ئاندىن بىر چوققىغا چىقىپ، ئارالنىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرت. تى. بۇ ئارال لىنكولىن ئارىلىغا قارىغاندا خېلىلا كىچىك بولۇپ، ھەممىلا يېرى دەرەخلىك ئىدى. كىچىك بىر دەريا بۇ سوزۇنچاق ئارالنى قىيپاش كېسىپ ئۆتەت. تى. ئۇلار بىر سائەتتەك يول مېڭىپ ئارالنىڭ جەنۇب تەرىپىگە كەلدى، ئاندىن غەربىي قىرغاقنى ياقىلاپ شى. مالغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئارالنىڭ قىرغاقلىرىنى تۇگەل ئايلىنىپ چىقتى. بىراق ئادەم ئولتۇرغان بىرەر ئۆي يا. كى ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرمىدى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئورمانلىققا كىردى ھەمدە ئورمان ئىچىدىكى يالغۇز ئاياغ يولنى، پالتا بىلەن چېپىلغان دەرەخلەرنىڭ كۆ. تەكلىرىنى كۆردى، ھەممىلا يەردە ئادەم ئەمگىكىنىڭ ئىزنالىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كېسىلگەن دە. رەخلەر چىرىشكە باشلىغان، دەرەخنىڭ پالتا تەگكەن يەرلىرىنى مۆخ بېسىپ كەتكەن، يالغۇز ئاياغ يولدا بولسا قېلىن ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يول ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى. ئۇلار قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، خاربېرت دەرەخلەر ئارىسىدىن

قارىيىپ كۆرۈنگەن بىر قارا كۆلەڭگىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «كەپە!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار ئۇچى شۇ ياقىقا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاختايدىن سېلىنغان بىر كەپە تۇراتتى. پېنكروف قىيا يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكنى ئاچتى، كەپە ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار بىرپەس ئارام ئېلىشتى، خاربېرت ئارالنىڭ غەرب تەرىپىگە قاراپ كەتتى. دېڭىزچى بىلەن مۇخبىر ئۇدۇل ئورمانلىققا قاراپ يول ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، تو-ساتتىن ئورمانلىقتىن بىرسىنىڭ تووۇلىغان ئاۋازى ئاڭ-لاندى. پېنكروف بىلەن گېدىيون سىپىلېت دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يوغان مايمۇنغا ئوخشايدىغان ناھايىتى زور بىر مەخلۇق-نىڭ خاربېرتنى بېسىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىۋاتـ-قىنىنى كۆردى. ئۇلار دەرھال ھېلىقى مەخلۇققا ئېتىـ-لىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاستىدىن خاربېرتنى چىقىرىۋېلىپ، پۈتۈن بەدىنىنى تۈك بېسىپ كەتكەن بۇ مەخلۇقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، ئۇنى باغلاپ قويدى. باغلاقلىق ياتقان تەلەتى سەت غەلىتە مەخلۇق غەزەپ بىلەن بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئۈچەيلەن ھەيران قالدى: ئۇ مايمۇن ئەمەس، نەق ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى. بىراق بۇ قانداق ئادەم؟! راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تەلەتىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ

تۇرىدىغان، قارىسا ئادەم شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە سە
ئىدى، ئېھتىمال، ئۇ ياۋايىلىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچ
يەتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ چېچى ئۆسۈپ، غۇژمە
لىشىپ كەتكەن، بومبا ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن
لۇپ، ئەۋرىتى بىر پارچە ئەسكى لاتا بىلەن ئورىۋېل
غان، باشقا يەرلىرى قىپيالىڭاچ، كۆزلىرى چانىقىد
چىققۇدەك قورقۇنچلۇق چەكچىيىپ كەتكەن، تىرناقلىر
ئۆسكىنىدەك، يۈزى قىزىل دەرەخ قوۋزىقىدەك، تاپى
مۈڭگۈزدەك قاتقانىدى. بۇ بىچارە بىر چاغلاردا مەدەن
ئادەم بولغىنى بىلەن، يالغۇزچىلىق ئۇنى ياۋايىغا، ن
ئورمان ياۋايىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ياۋا
هايۋانلارنىڭكىدەك ئۆتكۈر چىشلىرى ئارىسىدىن بوغۇز
خىرقىرىغان ئاۋازلار چىقماقتا ئىدى. قاراشقا ئۇ بى
چوڭ ئورانگۇتانغا ئوخشايتتى. ئەتىمالىم، ئۇ ئەقىل
ئىدراكىدىن ئاللىقاچان ئايرىلغان بولسا كېرەك!

گېديون سپىلېت ئۇنىڭغا قاراپ گەپ قىلدى
ئۇنىڭ سۆزىنى ياۋايى ئادەم چۈشەنمىدى. شۇنداق بول
سىمۇ ئۇنىڭ قېچىش نىيىتى يوق ئىدى ھەم قارشى
لىشىشقىمۇ ئۇرۇنمىدى. يولۇچىلار مۇخبىرنىڭ مەس
لىھەتى بويىچە بىچارە ئادەمنى ئۆزىنىڭ كەپىسىگە ئې
لىپ باردى. بەلكىم، بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ بولغان نەر
سە ـ كېرەكلىرى ئۇنىڭدا پىكىر پەيدا قىلار.

. كەپە يېقىن ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە مىنۇتتىلا كە-
گە يېتىپ كەلدى، بىراق بۇ تۇتقۇن ھېچ نەرسىنى
ئومىدى، ئۇ، ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا
تۇغاندەك قىلاتتى. ئەمدى ئۇنى «دولقۇن يارار»غا ئېپ-
ىپ بېرىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئۇلار تۇتقۇننى
مە تۇمشۇقىدىكى بىر بۆلمىگە ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ، ئۇ
رده گاس - گاچىدەك ئۇندىمەي جىم ئولتۇردى.
— ئۇنىڭ مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشى يالغۇز-
اقنىڭ كاساپىتىغۇ، — دېدى سىپلېت، — ئەمدى ئۇ
لغۇز قالمايدۇ.
كېچە جىمجىت ئۆتتى. ئۇنىڭ پۇت - قولى باغلاق-
ىن بوشىتىۋېتىلگەنىدى. بىرىنچى كۈندىكى سەپەر
نچ ئۆتتى. تۇتقۇن كېمە تۇمشۇقىدىكى بۆلمىدە تىنچ
تتى. ئۇ بۇرۇن دېڭىزچى بولسا كېرەك، دېڭىز دولقۇ-
ىنىڭ تەۋرىنىشى ئۇنىڭغا خۇشياققاندەك قىلاتتى. قاد-
اقلا بولمىسۇن ئۇ ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق تۇتۇپ تىنچ
ۇردى، چىرايىدىن ھەيرانلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.
يەنە بىر سوتكا ۋاقىت ئۆتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇپۇقتا
ۇرۇقلۇق كۆرۈنمىدى، بۇ چاغدا ھاۋا رايى بۇزۇلۇپ،
ۇلار شىددەتلىك بوران - چاپقۇن ئىچىدە قالدى، دەھ-
ەتلىك دولقۇن كېمىنى لەپەڭشىتمەكتە ئىدى. شۇنداق
ولغانلىقى ئۈچۈن، دولقۇنلار چايقاپ ھۆل قىلىۋەتكەن

يەلكەنلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ھەپىلىشىپ يەلكەننى پات ـ پات كىچىكلىتىپ، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تو-رۇشقا توغرا كەلدى. «دولقۇن يارار» دولقۇنلار ئارا ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپ باراتتى، ئەگەر ئۇنىڭ يولۇچىلىرى سۇ، يېمەكلىكلىرىنى پالۇبىغا باغلاپ قويمىغان بولسا، ئۇلارنى ئاللىقاچان دولقۇن ئېقىتىپ كەتكەن بولاتتى.

پېنكروف بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالدىراش ھالدا پالۇبىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ھەپىلە-شىۋاتقاندا، ئۇلارغا كۈتۈلمىگەن يەردىن تۇتقۇننىڭ يار-دىمى تەگدى، ئۇ ئۆزى تۇرغان بۆلمىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، دېڭىزچىلارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن پا-لۇبىنى قاپلاپ كەتكەن سۇنى دېڭىزغا تېز ئېقىتىۋېتىش ئۈچۈن كېمىنىڭ گىرۋىكىنى توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ تېشىپ، سۇ ئاقىدىغان تۆشۈك ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن پالۇبىدىكى سۇ تېزلىكتە سىرتقا ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى. خەتەرلىك ئەھۋال تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە لام ـ جىم دېمەستىن ئۆزى تۇرغان بۆلمىگە كىرىپ كەتتى. پېنكروف، سىپىلېت ۋە خاربېرت ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ كېچە قاراڭغۇ ھەم سوغۇق بولدى. پېنكروف، گېدىيون سىپىلېت ۋە خاربېرتنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇلار دېڭىزغا سەگەكلىك بىلەن قاراپ ئولتۇ-

راتتى. كېمىنىڭ لىنكولىن ئارىلىغا يېقىنلاپ قالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى، تاڭ ئاتسا ئارالنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى، ئەگەر «دولقۇن يارار» نى شامال باشقا ياققا ئېلىپ كەتكەن بولسا، كېمىنىڭ ئەسلىدىكى يۆنىلىشكە قايتىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكىنى يوق دېيىشكە بولاتتى. پېنكروف كېمىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرۇپ، تۇن قاراڭغۇسىدا بىرەرنەرسىنى كۆرۈشكە قاتتىق تىرىشتى.

كېچە سائەت ئىككى بولغاندا، ئۇ تۇيۇقسىزدىن «ئوت! ئوت!» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. راستلا ئالدى تەرەپتىن 10 نەچچە دېڭىز مىلىدەك يىراقلىقتا ۋالىلداپ يېنىۋاتقان ئوت كۆرۈندى. دېمەك، بۇ لىنكولىن ئارىلى يېقىن يەردە دېگەن سۆز ئىدى. كېمىگە يول كۆرسىتىپ بۇ ئوتنى ياققان كىشىنىڭ سايرېس سىمىت ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق ئىدى. كېمە شىمالغا قاراپ قىيپاشلاپ كېتىپ قالغانىدى، پېنكروف دەرھال يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، كېمە تۇمشۇقىنى ئۇپۇقتا يورۇق يۇلتۇزدەك پارقىراپ كۆرۈنگەن ئوت بار تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى.

## 13

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى «دولقۇن يارار» قىرغاققا كېلىپ

توختىدى. كېمە قىرغاققا يېقىنلاشقاندا، سايرېس سى-
ممىت بىلەن نابمۇ قىرغاققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىز-
دەش ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقى، كۆپتىن بېرى ئى-
گىسىز قالغان ئارالدىكى يالغۇز كەپىنى قانداق تاپقان-
لىقى، ئاخىردا ئادەم ئەۋلادىدىن ياتلىشاي دەپ قالغان يا-
ۋايى ئادەمنى قانداق تۇتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ساي-
رېس سىممىت بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىنىڭ پۈتۈن
جەريانىدىن تېزلا خەۋەر تاپتى. ئارقىدىن خاربېرت قاي-
تىشىدا يولۇققان ئەھۋاللارنى بىرنەچچە ئېغىز سۆز بى-
لەنلا بايان قىلىپ بەردى. ئۇ بوران راسا كۈچىيىۋاتقاندا
تۇتقۇنغا ئەقىل كىرىپ، ئۆزىنىڭ دېڭىزچى ئىكەنلىكى-
نى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى ئالاھىدە ئېيتىپ بەردى.

— توغرا ئېيتىسىز خاربېرت، — دېدى ئىنژېنېر، —
ئۇ بىچارىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان روھىي
چۈشكۈنلۈك. بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ ئۇ قايتىدىن ئادەم
بولۇپ قالار. ئۇنىڭ جىسمىدا جان (ئىنسانىي روھ) بار
ئىكەن، دېمەك بىز ئۇنى قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك!

تابور ئارىلىدا خەتەرگە ئۇچرىغان ھېلىقى بىچارە
ئادەم كېمىدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈرۈلگەندە، يەنە قې-
چىشقا تەمشىلىۋىدى، لېكىن سايرېس سىممىت ئۇنىڭ
يېنىغا بېرىپ، جىددىي تۇردە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى
قويدى ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تۇتقۇنىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

بىچارە تۇتقۇن ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ئىشەنگەندەك قىلىپ، ئاستا تىنچلىنىپ قالدى ۋە قايتا قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

— ۋاي دەردمەن بىچارە، — دېدى، سايرېس سىمىت ئاستاغىنا. ئۇ، تۇتقۇننى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى. بۇ بىچارىنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئا- دىمىيلىك خۇسۇسىيەتتىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان- دى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ئۇلار ناتونۇش بۇ ئادەمنى تاش سارايىنىڭ بىر بۆل- مىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشتى. تۇت- قۇننىڭ ئۇ يەردىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سايرېس سىمىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاش سارايدىن چىقىپ، دېڭىز يا- قىسىغا قايتىدىن بېرىپ، «دولقۇن يارار» دىكى يۈكنى چۈشۈرۈشكە كىرىشتى. يۈك چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، كېمىنى گاز شار پورتىنىڭ دولقۇنسىز يېرىگە ئاپىرىپ قويۇشتى.

ناتونۇش ئادەم تاش سارايغا كەلگەن دەسلەپكى كۈن- لەردە، تابور ئارىلىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، غەزەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇ پەيتتە، كۆپچىلىك ئۇنى دېرىزىدىن پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ

قىچىپ كېتەرمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەشتى. بىراق ئۇ ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ ئادەتلىنىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئۇنى ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا قويۇپ بەردى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلىغانىدى.

ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانغا خاس ئوزۇقلىنىدىغان ئادەتلەرنى ئۇنتۇپ، يېڭى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى ئاستا ـ ئاستا قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

سايرىس سىمىت ئۇنى كۆزەتمەكتە ئىدى، ئۇ بۇ ئادەمنى ئۆزى ئادەتلىنىپ كەتكەن دېڭىز بويىغا ۋە كۆپ يىل ياشاپ تىرىكچىلىك قىلغان ئورمان ئىچىگە ئاپىرىش قارارىغا كەلدى. بۇنداق قىلغاندا، ئۇ بەلكىم ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئەسلىدىكى تۇرمۇشىنى يادىغا كەلتۈرۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— بىراق، دېدى سىپىلېت، — ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بەرسەك، ئۇ قېچىپ كەتمەسمۇ؟

— سىناپ كۆرەيلى، — دېدى ئىنژېنېر.

شۇ كۈنى ھاۋا ئىللىق، قۇياش ئارالغا ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى تۆكۈپ تۇراتتى. سايرىس سىمىت بىلەن پېنكروف ناتونۇش ئادەم تۇرغان بۆلمىگە كىردى. ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە ياتاتتى.

— دوستۇم، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭ! — دېدى ئىنژېنېر ئۇنىڭغا.

ناتونۇش ئادەم ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇ سايرېس سىمىتقا بىر تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. تەجرىبىنىڭ نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىغا ئىـ شەنمىگەن پېنكروف ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئىشككە بارغاندىن كېيىن، سايرېس سىمىت بىلەن پېنكروف ناتونۇش ئادەمنى چۆشۈپ ـ چىقىدىغان شوتىغا چىقاردى. خاربېرت، ناب ۋە گېدىيون سىپىلېت تاش سارايىنىڭ تۆ ۋىدە كۈتۈپ تۇراتتى. يەرگە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرغاققا يىغىلدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ناتونۇش ئادەم ئۆزىنى ئەركىنرەك تۇتسۇن دەپ ئۇنىڭدىن نېرىراق بېرىپ تۇرۇشتى.

ناتونۇش ئادەم دېڭىزغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، بىراق ئۇنىڭدا قېچىش نىيىتى يوقتەك ئىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ناتونۇش ئادەمنى تەشەككۈر دەرياسى ـ نىڭ ئېغىزىغا ئاپاردى، ھەممەيلەن دەريا بويىدا گۈزەل تاغقا، ئورمانلىققا قاراپ تۇرۇشتى، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئىللىق شامالدا لەرزان شىلدىرلاپ تۇراتتى، گۈزەل ئورمان مەنزىرىسىگە قاراپ تۇرغان ناتونۇش ئادەم ئارامـ بەخش ھاۋانى ئۆپكىسىگە تولدۇرۇپ راھەتلىنىپ سۈـ مۈردى، ئاندىن ئېغىر بىر خورسىنىپ، كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— ۋۇي، يىغلاۋاتسەنغۇ! — دېدى سايرېس

سىممىت، — دېمەك، سەن بىزنىڭ ئارىمىزغا قايتىپ كەلدىڭ!

بەختسىز بىچارە يىغلاۋاتاتتى، كۆز يېشى ئۇنى قاي-تىدىن ئادەم قاتارىغا قوشقانىدى. بۇ ناتونۇش ئادەم ئا-دەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنمەكتە ئىدى. بىراق ئۇ يەنىلا يەككە - يېگانە يۇرۇشنى، ئۆزى يالغۇز ئىشلەشنى خا-لايتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بۇنىڭدا بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشتى. ناتونۇش ئادەم قولىغا سايمان ئېلىپ، سەيلىككە بېرىپ ئەمگەك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىشلەۋاتقان ئىشنى ھېلىدىن - ھېلىغا توختىتىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتاتتى. بىراق، ئارالنى ماكان قىلغۇ-چىلار ئىنژېنېرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ناتونۇش ئادەم-نىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، ئۇنى يالغۇز قويۇشقا تىرىشتى.

سايرېس سىممىت ناتونۇش ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ قالدى. ئۇ، ناتونۇش ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— دوستۇم، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى ھەم دەر-ھال ئارقىغا داجىپ كەتتى.

— دوستۇم! — دېدى سايرېس سىممىت قەتئىي ئا-ھاڭدا، — ماڭا قاراڭ!

ناتونۇش ئادەم ئىنژېنېرنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن سېھىرگەرلەرگە خاس بىر خىل سېھرىي كۈچنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ نېرى كەتمەكچى بولدىيۇ، بىراق يۈزى بىردىنلا غەلىتە تۇسكە كىرىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ ئاخىر بوش ئاۋازدا، سايرېس سىمىتتىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— سىزگە ئوخشاش بىزمۇ خەتەرگە ئۇچرىغانلار! سىزنىڭ دوستلىرىڭىز!

— دوستلىرىم... مېنىڭ دوستلىرىم! — ناتونۇش ئادەم يۈزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى. — ياق.... مېنىڭ ھېچقانداق........

ئاندىن ئۇ دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ، شۇ يەردە ئۇزاق تۇردى. كېيىن ئۇ بىرەر خۇلاسىگە كەلگەن بولسا كېرەك، تارتىنماستىن سايرېس سىمىتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن، لېكىن يىغىسى توختىغانىدى، چىرايىدا بويسۇنغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ بىرنېمىدىن قورققاندەك، يەردىن كۆزىنى ئالمايتتى.

— ئەپەندى، سىلەر ئىنگلىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سايرېس سىمىتتىن.

— ياق، بىز ئامېرىكىلىق، — دەپ جاۋاب بەردى سايرېس سىمىت.

— شۇنداقمىدى؟ — دېدى ئۇ، — بۇنىسى ياخشى بولدى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئاستا پىچىرلاپ.

— ھە، دوستۇم، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدى سايىرىس سىمىت.

— مەن ئىنگلىز، — دەپ ئىتتىك جاۋاب بەردى ئۇ.

بۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئۇنى سەل بىئارام قىلغاندەك ئىدى. ئۇ دېڭىز قىرغىقىدىن نېرى كەتتى. قاتتىق بىئارام بولغان ھالدا شارقىراتما ئالدىدىن ئۆتۈپ، تەشەككۇر دەرياسىنىڭ ئېغىزى ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىر مەھەل تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇ خاربېرتتىن:

— بۇ قايسى يىل؟ — دەپ سورىدى ۋە 1866 - يىلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، — 12 يىل! 12 يىل بوپتۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى - دە، ئاندىن بىردىنلا ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا تېز - تېز قەدەم تاشلاپ نېرىغا كەتتى.

خاربېرت ئۇنىڭ سوئالى بىلەن ئۆزىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ھەمراھلىرىغا ئېيتىپ بەردى. ئۇ بىچارە بۇ يەردە 12 يىل تۇرغانىدى!

— بۇ يەردە مەن چۈشىنەلمەيۋاتقان بىر مەسىلە بار، — دېدى پېنكروف، — ئەگەر بۇ ئادەم تابور ئارىلىدا 12 يىل تۇرغان بولسا، لېكىن ھېلىقى قۇتۇلدۇرۇش

تەلەپ قىلىنغان خەت يېقىندىلا يېزىلغاندەك تۇراتتىغۇ.

دېڭىزچىنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇ خەتكە قارىشىدى، ئۇ خەت يېقىندىلا يې-زىلغاندەك ئىدى.

— بۇ يەردە چۈشىنىكسىز يەنە بىر نەرسە بار، — دېدى سايرىس سىمىت، — بىراق يېڭى ھەمراھىمىزنى پاراڭغا زورلىمايلى! ئېيتقۇسى كەلگەندە ئۆزى ئېيتار.

كېيىنكى كۈنلەردە ناتونۇش ئادەم لام-جىم دېمەستىن، ھېچ يەرگە بارماستىن تۆپىلىكتىلا بولدى، ئۇ دەم ئېلىش دېگەننى بىلمەيتتى، باش كۆتۈرمەي ئې-تىزدا ئىشلىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنىڭ قا-چانلا بولمىسۇن ھامىنى بىر كۈنى ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## 14

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كۆزنىتىش تۆپىلىكى ۋە قوتان ئىچىدە تۈرلۈك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋەردى. سايرىس سىمىت يەنە بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ئاچماق-چى بولدى. خاربېرتنىڭ تابور ئارىلىدىن ئېلىپ كەلگەن زىرائەت ئۇرۇقلىرى كۆكلۈپ قويۇپ تېرىلدى. 15-نويا-بىردا ئۇچىنچى قېتىم تېرىلغان زىرائەتلەر يىغىۋېلىندى،

ئەمدى ئۇلار ئاشلىققا باي بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، يىغىم ئاخىرلاشتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بولىكا پىشۇرۇش ئۇچۇن كۆزنىتىش تۆپىلى- كىگە ئاددىي شامال تۇگمىنى ياسىدى. ھەرىكەت يەت- كۈزگۈچى ئوق ئىسكاپىلار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلدى، ئىككى دانە تۇگمەن تېشى تېگى- تۆپى قىلىپ ئورۇن- لاشتۇرۇلۇپ، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنىڭ بۆلەكلىرى قىلىندى. تۇگمەن تېشىنىڭ ئوتتۇرىدىكى تۆشۈككە دانىنىڭ ئۇتتۇرلۇق چۈشۈپ تۇرۇشى ئۇچۇن چېقىلدۇرغۇچ ياسالدى ۋە ئۈستى كەڭ، ئاستى تار بولغان سۆكەن ئورنىتىلدى، داننى تاسقاپ ئۆتكۈزىدىغان غەلۋىر، ئۇننىڭ كېپىكىنى ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەلگەك ياسالدى. بۇلارنى ئۇلار تېزلا ياساپ پۈتتۈردى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئىككى خالتا بۇغداي تارتىلىپ، تاش سارايدىكى چۈشلۈك تاماقتا شىرەگە سارغايتىپ پىشۇرۇلغان بولىكا قويۇلدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنى ئىشتىھا بىلەن ھوزۇرلىنىپ، پاك- پاكىز يەۋەتتى. شۇ چاغقىچە ناتونۇش ئادەم پەقەت كۆرۈنمىدى.

بىر كۈنى خاربېرت ئۇنى ئىزدەپ تاش ساراي ئەترا- پىدىكى ئورمانلىققا باردى. ھايال ئۆتمەي كۆزنىتىش تۆ- پىلىكىدىكى كۆلنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن تۇيۇقسىز: «قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھەممەيلەن ئورمان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا نا-تونۇش ئادەمنىڭ بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇلار-نىڭ ئالدىدا نېرىقى قىرغاقتا ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۇلار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. خاربېرتنىڭ ئالدىدا ئەپتە-دىن ئادەم قورققۇدەك بىر ئامېرىكا يىلپىزى تۇراتتى. خاربېرت دەرەخكە يۆلىنىپ تۇراتتى، يىرتقۇچ ئەمدى ئېتىلاي دېيىشىگە قولىدا پىچاق تۇتقان ناتونۇش ئادەم يىرتقۇچ ھايۋانغا ئېتىلدى. ئامېرىكا يىلپىزى تۇيۇقسىز كەلگەن دۈشمىنىگە قاراپ بۇرۇلدى. ئېلىشىش ناھايىتى قىسقا بولدى. ناتونۇش ئادەم ھەيران قالغۇدەك كۈچلۈك ۋە چەبدەس ئىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يىلپىزنىڭ كې-كىردىكىدىن ئېلىپ ئامبۇردەك قىستى-دە، يىرتقۇچ-نىڭ تىرنىقى بەدىنىگە سانجىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئىككىنچى قولى بىلەن يىرتقۇچنىڭ يۈرىكىگە پىچاق ئۇردى، يىلپىز گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى.

ناتونۇش ئادەم يارىسىدىن قان ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماي تۇراتتى. سايرىس سى-مىت ناتونۇش ئادەمنىڭ يېنىغا باردى.

— دوستۇم، سىز بىزنىڭ بالىمىز ئۈچۈن جېنى-ڭىزنى ئايىمىدىڭىز.

كۆپچىلىك ناتونۇش ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەشەككۈر ئېيتتى ھەم ئۇنى تاش سارايغا ئېلىپ كېلىپ،

جاراھىتىگە دورا سۈرۈپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە ناتو-
نۇش ئادەم ئۇلارغا ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى:

— مېنىڭ ئىسمىم ئايرتون، مەن دېڭىزچى ئىدىم. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەن دېڭىزچى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يامان ئىشلارنى قىلدىم، ھەتتا بىر توپ دې-ڭىز قاراقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېمىنى بۇلىماق-چى بولدۇم، ئۆزۈممۇ ۋەھشىي دېڭىز قاراقچىسى بولۇپ قالدىم. كاپىتان مېنىڭ سىرىمنى بىلىپ قېلىپ، قىلماقچى بولغان سۇيىقەستىمنى ۋاقتىدا توسۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كاپىتان مېنى مۇشۇ ئادەمزاتسىز ئارالدا قالدۇردى ھەمدە ئون نەچچە يىلدىن كېيىن كې-لىپ مېنى ئېلىپ كېتىشكە ۋەدە قىلدى. دەل مۇشۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ھەرقانداق قۇرۇقلۇقتىن يىراق تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ھېچقانداق ئادەم بىلەن ئالاقە قىل-مىدىم، قېچىپ كېتىشكىمۇ ئامال قىلالمىدىم. مانا شۇنداق يالغۇزلۇقتا يۈرۈپ بۇ كۈنگە قالدىم.

ئايرتوننىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلىغان سايرېس سىمىت بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئورۇنلىرىدىن سەك-رەپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ھاياجانلىرىنى سۆز بىلەن بايان قىلىش تەس ئىدى، سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان جەبىر - جاپا، ئازاب - ئوقۇبەتلەر، ئۈمىد-سىزلىك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك بولدى.

— ئايرتون، — دېدى سايرېس سىمىت، — سىز ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم بولسىڭىزمۇ، بىراق سىز جازايىڭىزنى تارتىپ، گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇپ بوپ- سىز. ئايرتون، بايىقى ھەرىكىتىڭىز بۇنىڭ ئىسپاتى. سىز بىزنىڭ ھەمراھىمىز بولۇشنى خالامسىز؟

ئايرتون ئۆزىگە سۇنۇلغان قولنى چىڭ سىقىمدى- غاندا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى.

ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا دوستلارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزۇن سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى. ئىلگىرى ئۇ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولمىسۇن، ئۇنىڭ جىنايىتى ئۇچۇن مۇشۇ 12 يىل كۇپايە قىلاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئا- رالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ دوستى بولۇپ قالدى، تېخى خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي خاربېرتنى قۇتقۇزۇپ قالدى. سايرېس سىمىت ئۆزلىرىنىڭ رېچموند شەھىرىدىن ئۇ- چۇپ چىققاندىن تارتىپ ھازىرغىچە باشلىرىدىن كە- چۈرگەن ۋەقەلەرنى، قېيىن شارائىتتىن قانداق قۇتۇل- غانلىقلىرىنى ۋە شۇ پەيتتە ئۆزلىرىنىڭ قولىدا قانداق قورال ـ سايمانلارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سايرېس سىمىت ئۆزىنى ۋە ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە بۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ

لىنكولىن ئارىلىغا كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا ئەمدى يېڭى بىر ھەمراھ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ناتو-نۇش ئادەم يۈزى قىزىرىپ، خىجىل بولۇپ يەرگە قارد-ۋالدى.

ناتونۇش ئادەم تاش سارايغا قايتىپ كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولغان كۈنى سايرۇس سىمىتتىن ئۆزىنىڭ قو-تانغا بېرىپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىل-دى. ئۇنىڭ تەلىپىگە سايرۇس سىمىت قوشۇلدى ھەمدە قوتاندا ئۇنىڭغا لايىق جاي راسلاپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ كېتىدىغان چاغدا، كۆپچىلىككە تەشەككۈر ئېيتتى. ئايرتون ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىنژېنېر ئۇنىڭدىن سورىدى:

— دوستۇم، سىز يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خا-لايدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇش خېتى سې-لىنغان بوتۇلكىنى دېڭىزغا تاشلىدىڭىز؟

— بوتۇلكا؟.... نېمە بوتۇلكا؟.... — دەپ تەكرارلى-دى ئايرتون نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي.

— ھە، بىز دېڭىزدىن تېپىۋالغان بوتۇلكىغا سې-لىنغان خەتنى دەۋاتىمەن. ئۇ خەتتە تابور ئارىلىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى توغرا كۆرسىتىلگەن ھەمدە ئادەم بارلىقى ئېيتىلغان!

ئايرتون بىرپەس ئويلىنىۋالدى ـ دە، ئېنىق جاۋاب بەردى:

— مەن دېگىزغا ھېچقاچان، ھېچقانداق بوتۇلكا تاشلىغىنىم يوق! — ئايرتون شۇنداق دېدى ـ دە، تەزىم قىلىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى كۆپچىلىك تۆپىلىككە چىقىپ، ئۇ يەردىن ئايرتوننى تاپالمىدى. ئايرتون شۇ كېچىسىلا ئۆزىنىڭ قوتاندىكى ئۆيىگە كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خار-بېرت، پېنكروف ۋە نابلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئىش-لىرىنى قايتا باشلىدى. سايرىس سىمىت بىلەن مۇخبىر تاش سارايدا ئىشلىگەچ پاراڭلىشىشقا باشلىدى :

— بىلەمسىز، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى گېديون سىپىلېت، — سىزنىڭ تۇنۇگۇن بوتۇلكا توغرىسىدا سورىغانلىرىڭىز مېنى زادىلا قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇ بىچارىنىڭ شۇ خەتنى يازغانلىقىغا قانداق ئىشىنىش مۇمكىن؟......

— شۇنداق، سىزگە مەلۇم، — دېدى سايرىس سى-مىت مۇخبىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن ئۆزۈم ھا-زىرغىچە يېشەلمەيۋاتقان ۋەقەلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش يۈزىسىدىنلا سوراپ قويدۇم، خالاس! راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭ ھەممىسى ئەقىلغا سىغقۇسىز ئىشلار، مېنىڭ قۇتقۇزۇلۇشۇم، دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالغان ساندۇق،

توپنىڭ ۋەقەسى، ئاخىردا ئۇچرىغان ھېلىقى بوتۇلكا....
بۇ تېپىشماقلارنى زادى يېشەلمەيلا ئۆتەرمىزمۇ؟

— بۇلارنى ئارالنىڭ ئۆزىنى ئوقتەي ـ توقتەي قىلىپ ئاختۇرۇپ بولسىمۇ ئېنىقلايمىز، — دېدى مۇخبىر.

1867 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيى باشلاندى. ئىشلار جىددىي داۋام قىلماقتا ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە قوتانغا بېرىپ قايتقان خاربېرت بىلەن گېديون سىپىلېت ئايرتوننىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن ماللارنى ئوبدان بېقىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كەلدى. ئۇلار ئايرتوننى يالغۇزسىراپ قالمىسۇن دەپ، ئۇ يەرگە پات ـ پات بېرىپ تۇراتتى. سايرېس سىمىت قوتان بىلەن تاش سارايىنىڭ ئارىلىقىغا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېلېگراف ئاپپاراتى ئورناتماقچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئىشقا كىرىشىپ، ئىشنى سىم ئىشلەشتىن باشلىدى.

سايرېس سىمىت ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن باتارېيە ياساشنى قارار قىلدى، بۇ باتارېيە رىكرېل 1820 ـ يىلى كەشپ قىلغان باتارېيىگە ئوخشاپ كېتەتتى، بۇنداق باتارېيىدە پەقەت سىنكلا ئىشلىتىلەتتى. باتارېيىگە لازىملىق باشقا نەرسىلەر نىترات كىسلاتاسى بىلەن كالىيلىق شۇلتا قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ

باتارېيىنى قانداق قۇراشتۇرۇش ئىشىلا قالدى. بۇ خىل باتارېيە نىترات كىسلاتاسى بىلەن كالىيلىق شۈلتىنىڭ ئۆزئارا رېئاكسىيىلىشىشى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلاتتى. ئىنژېنېر ئالدى بىلەن بىرنەچچە ئەينەك بوتۇلكا تەييارلىۋالدى ــ دە، ئۇنىڭغا نىترات كىسلاتاسىنى قاچىلىدى. ئاندىن ئۇ بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، بوتۇلكا ئاغزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئەينەك نەيچىنى شۇ تۆشۈككە تىقتى، ئەينەك نەيچىنىڭ بىر ئۇچىنى لاي بىلەن توسۇپ، نىترات كىسلاتاسىغا چىلىدى؛ ئارقىدىن ئۆزى ئالدىنئالا ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىپ چىققان بىر خىل كالىيلىق شۈلتا ئېرىتمىسىنى ئەينەك نەيچىگە قۇيدى، شۇنداق قىلىپ نىترات كىسلاتاسى بىلەن كالىيلىق شۈلتا لايغا سىڭىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنژېنېر ئىككى پارچە سىنك پلاستىنكىنىڭ بىر پارچىسىنى نىترات كىسلاتاسىغا، يەنە بىر پارچىسىنى كالىيلىق شۈلتا ئېرىتمىسىگە چىلىدى، نەيچىدىكى پلاستىنكا باتارېيىنىڭ ئوڭ قۇتۇپى، بوتۇلكىدىكى پلاستىنكا سول قۇتۇپى قىلىندى، ئارقىدىن ئىككى پارچە سىنك پلاستىنكىسى بىر تال مېتال سىم بىلەن تۇتاشتۇرۇلغاندا، توك بوتۇلكىدىكى سىنك پلاستىنكىسىدىن نەيچىدىكى پلاستىنكىغا ماڭدى. ئۇ مۇشۇنداق

ئۈسكۈنىدىن بىرقانچىنى ياسىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش توك چىقىراتتى، بۇ باتارېيىلەرنىڭ توكىنى بىر يەرگە جەم قىلغاندا، تېلېگراف ئاپپاراتىنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيتتى.

سايرېس سىمىتنىڭ ناھايىتى ئاسانلا ياساپ چىققان ئەپچىل ئاپپاراتى مانا مۇشۇنداق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاش ساراي بىلەن قوتان ئارىلىقىدا تېلېگراف ئالاقىسى قىلالايدىغان بولدى. بۇنداق باتارېيە گورۇپپىسىدىن ئىككىسى تەييارلاندى. ئۇنىڭ بىرى تاش سارايغا، يەنە بىرى قوتانغا قويۇلدى، چۈنكى قوتاندىكىلەر تاش سارايدىكىلەر بىلەن خەۋەرلەشسە، تاش سارايدىكىلەرمۇ قوتاندىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال ئىدى. قوبۇل قىلغۇچ بىلەن تارقاتقۇچ ئاپپاراتلارمۇ ئاددىيلا ياسالغانىدى. سىمنىڭ ئىككى ئۇچى ئىككى ئىستانسىدىكى ئېلېكتروماگنىتقا، يەنى سىم ئورالغان بىر پارچە تۆمۈرگە بېكىتىلدى، ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئورنىتىلدى.

19 ـ فېۋرال كۈنى ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسى ئورنىتىلىپ بولدى. سايرېس سىمىت شۇ كۈنى سىمغا توك ماڭغۇزۇپ، فېرمىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئايرتون قايتۇرغان قانائەتلىنەرلىك جاۋاب

تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى.

## 15

ئىككى يىل ئۆتتى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار باشقا ئادەملەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلالمىدى! ئۇلار مەدە- نىيەتلىك دۇنيانىڭ ھېچقانداق ئۇچۇرىغا ئېرىشەلمىدى، مۇشۇ ئارالغا كېلىپ قالغان ئىككى يىلدىن بۇيان ئارال ئەتراپىدىن بىرمۇ كېمە ئۆتمىدى؛ ۋەھالەنكى، قۇتۇلۇش- نىڭ بىردىنبىر ئامالى بۇ دېڭىز تەۋەلىكىدىن ئوكيان- لاردا قاتنايدىغان چوڭ بىر كېمىنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇشلا ئىدى.

— دوستلىرىم، ئېسىڭلاردا بولسۇن، — دېدى ساي- رىس سىمىت ھەمراھلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ، — ئايرتون ئارالدا تۇرغان دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈمىدىنى شوتلاندىيە كېمىسىنىڭ ئۇنى ئې- لىشقا كېلىش - كەلمەسلىكىگە باغلىغانىدى. گراف گ- لېنارۋان ئايرتوننى گۇناھىغا لايىق جازانى تۇگىتىپ بولدى دەپ قارىسا (تابور ئارىلىغا كېلىپ ئۇنى ئېلىپ قايتىشقا ۋەدە بەرگەن ئىكەن)، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ، مې- نىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

— بۇ ئېنىق، — دېدى خاربېرت، — لىنكولىن ئا- رىلىنىڭ ئورنى ھەتتا خەرىتىگىمۇ چۈشۈرۈلمىگەن.

— دوستلىرىم، — دېدى سايرېس سىمىت، — شۇنداق بولغاچقا، بىز زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «دولقۇن يارار» ئارقىلىق تابور ئارىلىغا بېرىپ بىرەر بەلگە قويۇپ قويۇشىمىز كېرەك......

— ھە، قەدىرلىك سايرېس ئەپەندى، — دېدى گېدېيون سىپىلېت، — سىزگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز! ھېلىقى كۈنى كېچىدە ئوت يورۇقىنى كۆرمىگەن بولساق، بىز مەڭگۇ قايتىپ كېلەلمىگەن بولاتتۇق....

— ئوت يورۇقى؟! — دېدى مۇخبىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سايرېس سىمىت قاتتىق ھەيران بولۇپ.

— ئەپەندى، بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز، — دېدى پېنكروف، — تابور ئارىلىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى كېچىدە بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ئامالسىز قالدۇق. سىز تولىمۇ دانا ئىكەنسىز، شۇ كېچىسى كۆزىتىش تۆپىلىكىگە ئوت ياقمىغان بولسىڭىز، بىز ئارالنى يانداپ ئۆتۈپ كېتەركەنمىز.

—.... ياق! .... — سىپىلېت، ئۇ كېچىسى ئارالنىڭ ھېچقانداق يېرىگە ئوت ياقمىدىم، بۇ ئۆزۈمگە ئىنتايىن ئېنىق!

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار لام-جىم دېمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئىنژېنېر سايرېس سىمىتنىڭ سۆزىدىن ئۇ-

لارنىڭ لىنكولىن ئارىلىنى قاپلىغان سىيھىر كۈچ ئۈستىدە بىر قېتىم مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. گېدىيون سىپىلېت مۇشۇ چۈشىنىكسىز ۋەقە توغرۇلۇق ئۈزلۈكسىز ئويلانماقتا ئىدى. ئارالنىڭ دېڭىز بويلىرى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ بولدى، بىراق گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسە بايقالمىدى. ئەگەر بىرەر سىرلىق ئادەمزات مۇشۇ ئارالنىڭ بىرەر يېرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان دېيىلسە، ئۇ يېرىم ئارالنىڭ كۆن چۈشمەيدىغان قويۇق ئورمانلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھازىر تېخى تەكشۈرۈلمىگەن شۇ جايلا قالغانىدى.

گېدىيون سىپىلېت بىلەن سايرېس سىمىت ئارالدا يۈز بەرگەن بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى، ئۇلار يېقىندا يۈز بەرگەن ئوت ۋەقەسىنىڭ ئەڭ سىرلىق ئىش ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشقانىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كۆزىتىش تۆپىلىكىگە يىغىلغاندا، سايرېس سىمىت ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— دوستلىرىم، يېقىندىن بۇيان ئارالدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار توغرۇلۇق سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى بىلگۈم كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەنمۇ بۇ ئەھۋاللارنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمىدىم، مەن شاردىن دېڭىزغا چۈشۈپ ھوشۇمدىن كەتكەندىن كېيىن، قانداق قىلىپ قىرغاقتىن

تۆتتىن بىر دېڭىز ملىچىلىك يىراقلىقتىكى قۇرۇق جايغا ئاپىرىپ قويۇلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— ئۇ چاغدا ئېسىڭىزنى يوقاتقان تۇرسىڭىز، — دېدى پېنكروف.

— ئۇ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، — دېدى ئىنژېنېر، — ئەمدى بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. سىلەر بەش ئىنگلىز ملى يىراقلىقتىكى ئۆڭكۈردىن مەن تۇرغان يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭلار؟

— ئۇ ئىتنىڭ كارامىتى....، — دېدى خاربېرت.

— توپىنىڭ ئۇستۋاشلىرى قۇرۇق ئىكەن، يەنە كېلىپ لاي ـ پاتقاقمۇ بولماپتۇ. يەنە بىر ئىش، بىزنىڭ ئىتىمىز قانداق قىلىپ كۆلدىن سىرتقا تاشلىنىۋېتىلدى؟

— بۇنى بىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشنى قىلمىغىنىمغا ئىقرارمەن، — دېدى پېنكروف.

— يەنە، — دەپ سايرېس سىمىت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پېككارى كۈچۈكىنىڭ بەدىنىدىكى قوغۇشۇن ئوق نەدىن كەلگەن؟ يېقىن ئەتراپتا كېمە ھالاكىتىنىڭ ئىزناسى بولمىسىمۇ، بىزگە ئۇچرىغان ساندۇق قىرغاقتا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ دېڭىزغا دەسلەپ چىققان سەپىرىمىزدە ئىچىگە خەت سېلىنغان بوتۇلكا قانداقسىگە دەل ۋاقتىدا بىزگە يولۇقۇپ قالدى؟ بىزنىڭ قېيىقىمىز ئۆزىمىزگە دەل كېرەك بولغاندا، قانداق قىلىپ

ئارغامچىسىنى ئۈزۈپ تەشەككۇر دەرياسىدا ئېقىپ ئالدىـ
ـمىزغا كېلىپ قالدى؟ مايمۇنلار تۇرالغۇمىزغا ھۇجۇم
قىلغان چاغدا، ئارغامچا شوتا تاش سارايىنىڭ دېرىزىسىـ
ـدىن قانداق قىلىپ دەل ۋاقتىدا تاشلاندى؟ ئاخىردا،
ئايرتون يازمىغان ھېلىقى خەت قانداق قىلىپ بىزنىڭ
قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى؟

سايرېس سىمىت ئارالدا بولغان غەلىتە ۋەقەلەرنى
باشتىن ـ ئاياغ مىسالغا ئالدى. خاربېرت، پېنكروف ۋە
ناب نېمە دېيىشنى بىلمەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.
دەسلەپكى قېتىم يىغىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ بىر
قاتار ۋەقەلەردىن ئۇلار ئىختىيارسىز ھاڭ ـ تاڭ قېلىشـ
ـتى. سايرېس سىمىت يەنە توپ بىلەن يۇپىنىڭ دېڭىزغا
تۇتاشقان قۇدۇقنىڭ بېشىنى ئايلىنىپ يۈگۈرىدىغان ئاـ
ـجايىپ قىلىقلىرىنىمۇ دوستلىرىنىڭ ئېسىگە سالدى ۋە
بۇ قۇدۇقنى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ چىققانلىقىنى، بىراق
گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.
ئۇلار بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر سىر بارلىقىنى
ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەر قېتىم ھالقىلىق
پەيتتە پەيدا بولىدىغان بۇ سىرلىق كۈچ ئۇلارنىڭ ئالاـ
ـھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئاخىردا، كۆپچىلىك ھاۋا
ئىسسىقا باشلىشى بىلەنلا ئارالنى تولۇق تەكشۈرۈپ
چىقماقچى بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا رايىمۇ يامانلاشتى، شۇڭا، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قىشقا تەييارلىق قىلىشتى. ئۇلار قىشنىڭ ئەڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلىگۇدەك دەرىجىدە تەيـ-يارلىق قىلدى. كىيىم ـ كېچەك كەمچىل ئەمەس ئىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا تاغ تېكىسىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن ئىسسىق رەخت تەييارلاشقا زۆرۈر بولغان يۇڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئېلىنىپ تۇردى. قىشلىق كىيىمـ-دىن ئايرتوننىڭمۇ بەھرىمەن بولغانلىقىنى ئېيتمىساقمۇ چۈشىنىشلىك.

سايرېس سىمىت ئۇنىڭغا قوتاندا تۇرغاندىن كۆرە قولايلىقراق تاش سارايغا كېلىپ تۇرۇشنى ئېيتىۋىدى، ئايرتون قوتاندىكى ئاخىرقى ئىشلارنى تۈگىتىپ بولۇپلا كۆچۈپ كېلىشكە ۋەدە بەردى. ئۇ ئاپرېل ئېيىنىڭ ئوتـ-تۇرىلىرىدا كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئايرتون كۆپچىلىك بىلەن بىللە تۇردى، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشنى تاللىشىپ قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا چۈشـ-كۈن ئىدى.

## 16

شار بىلەن ئۇچقان بۇ تەۋەككۇلچىلەرنىڭ لىنكو-لىن ئارىلىغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئىككى يېرىم يىل بولدى،



بۇ جەرياندا ئۇلار تاشقى دۇنيا بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلالمىدى. بىر كۈنى كەچتە، بۇ ئارالغا يېقىنلا بىر يەردە چوڭ كېمە پەيدا بولۇپ قالدى.

پېنكروف دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ قوش ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمىنى كۆزىتىۋېتىپ، بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى:

— كېمىگە ئېسىلغىنى قارا بايراقكەن!

شۇ چاغدا شامال بايراقنى ئېچىۋەتكەنىدى، دېڭىزچى پەس ئاۋازدا دېدى:

— قارا بايراق، ئۇنداقتا قاراقچىلارنىڭ كېمىسىكەن!

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار دەرھال مەسلىھەتلىشىپ، ئارالدا ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىزلارنى بىلىندۈرمەسلىكنىڭ بارلىق ئامالىرىنى قىلىشتى، ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بارلىق مۇداپىئە تەدبىرلىرى كۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، سايرېس سىمىت:

— دوستلىرىم، ئەگەر بۇ نائەھلىلەر لىنكولىن ئارىلىنى بېسىۋېلىش نىيىتىدە بولسا، بىز ئارالنى جان تىكىپ قوغدايلى! — دېدى.

شۇ چاغدا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كېمىسىدىن توپ ئېتىلدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار چۇشۇرۇلگەن زەنجىرنىڭ شاراقلىغىنىنى ئاڭلىدى، كېمە ياكور تاشلىغانىدى.

قاراقچىلار قورۇقلۇقتا چىقىشقا باشلىدى. بىرىنچى قولۋاقتا ئالتە قاراقچى بار ئىدى، ئىككىنچى قولۋاقمۇ دېڭىزغا چۈشۈرۈلدى، ئۇنىڭغا سەككىز قاراقچى چۈشكەندى. بۇ قاراقچىلار قولۋاق بىلەن ئارالغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. بىر مەيدان ئىنتايىن شىددەتلىك ئېلىشىش ئارقىلىق قاراقچىلار چېكىندۈرۈلدى، قاراقچىلاردىن ئۈچى يەر چىشلىدى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ تاپتا ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. ئۇلار ئارالدىكى پېنكروف بىلەن ئايرتوننى مۇھاسىرە قىلماقچى بولغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايرتون بىلەن پېنكروف ئارالنىڭ جەنۇبىي تۈمشۇقىنى ئايلىنىپ، بوغۇزدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۆڭكۈر يېنىدىكى بازىدا ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

ئۇلار دەل ۋاقتىدا قايتىپ كەلدى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بىر يەرگە جەم بولدى، ئۇلار ئۇچرىشىپ تۇرۇشىغا، ئارال يەنە قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىرىنچى كىچىك كېمىدىكى قاراقچىلار يەنە ئىككى قولۋاقنى ئەۋەتتى. ئاخىردا سەككىز ـ توققۇز قاراقچى قىرغاققا چىقىپ، تۇشمۇتۇشتىن تاش سارايغا قاراپ ئاختۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى.

دەل شۇ پەيتتە، دەريا تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. دەريا ئېغىزىغا قاراپ تېز كېتىۋاتقان قولۋاق-تىكى قاراقچىلار قىرغاقتا چىقماقچى بولغاندا، قولۋاقنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان قاراقچىنىڭ ئىككىسىگە سىپىلىت بىلەن نابىنىڭ ئاتقان ئوقى تېگىپ ئۆلدى ـ دە، قولۋاق كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، تەشەككۇر دەرياسىنىڭ ئې-غىزىدىكى قىيا تاشقا ئۇرۇلۇپ بىتچىت بولدى. قاراق-چىلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەچكە، مىلتىقلىرىنى سۇغا تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېلىشتى، دېڭىز قاراقچى-لىرىنىڭ كېمىسى ياكورىنى كۆتۈرۈپ، كىچىك ئارالغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا قىستاپ كەلدى.

قوش ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمە ئارالغا يېقىنلاشتى، ئۇ ئارالنىڭ جەنۇبىي چېتىگە بېرىشقا تەمشەلگەندە، شامال كۈچى بوشىشىپ قالدى. بۇ چاغدا تاشقىن كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەندى، شۇڭا، قاراقچىلار كېمىسىنى ئىشقا سېلىپ، خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايتتى. ھېلىقى قولۋاقلار قوش ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمىدىكىلەرگە بۇ بوغۇزنىڭ ماڭ-غىلى بولىدىغان سۇ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، يەلكەنلىك كېمە ئۇدۇل ھەيدەپ كېلىندى. ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا لەڭگەر تاشلاپ، شۇ يەردە تۇرۇپ توپ ئوقى ئارقىلىق تاش تامنىڭ كەينىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئوقىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

كېمە ئارالنىڭ شەرقىي چېتىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇنى ئوڭغۇشلۇق ئايلىنىپ ئۆتتى، ئاندىن ئارقا يەلكەننى كۆتۈرۈپ، توپتوغرا تەشەككۈر دەرياسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. ھەل قىلغۇچ ھەرىكەت قوللىنىش پەيتىدە، كۆپچىلىكنىڭ ئۆڭكۈردىكى بازىغا جەم بولغىنى ئەڭ ئاقىلانىلىك بولدى. ئۇلار ئۆز ھەرىكىتىنى قاراقچىلار بايقاپ قېلىشتىن بۇرۇن، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ تاش سارايغا بىخەتەر كىرىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار دەل ۋاقتىدا كەلگەن بولۇپ، شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىدىن قاراقچىلار كېمىسىنىڭ ئىس ـ تۈتەككە پۈركىنىپ، بوغۇزدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارغا دېرىزىدىنمۇ يىراق تۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ يەرلەردىكى ئىستىھكاملاردا تورغانلار ئاللىقاچان يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كېمىدىكى توپ ـ زەمبىرەك تەشەككۈر دەرياسى بويىدىكى بازا بىلەن ئۆڭكۈر ئالدىدىكى بازىغا قارىتىپ توختىماي ئوق ئۈزەتتى، ئوت كۈچى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئوق زەربىسىدىن تاشلار كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ، ئەتراپقا چېچىلماقتا ئىدى. ھەر قېتىم زەمبىرەك ئېتىلغاندا، قاراقچىلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلىناتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، تاش سارايدىكىلەردە ساراي ئامان قالىدۇ دېگەن ئۈمىد بار ئىدى، چۈنكى، سايرىس سىمىت

ئىھتىيات ئۈچۈن ئۇنىڭ دېرىزىلىرىنى ئالدىنئالا قاپلى-ۋەتكەنىدى. لېكىن، بىر پاي توپ ئوقى ئۆڭكۈرنىڭ ئى-شىكىدىن كىرىپ كارىدورغا چۈشتى.

— قارغىش تەگكۈرلەر بىزنى كۆرۈپ قالدىمۇ-نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى پېنكروف.

توپ يەنە ئېتىلدى، بىر پاي توپ ئوقى دېرىزىنى قاپلىغان شاخلاردىن ئۆتۈپ، تاش تامدىن چوڭ بىر تۆ-شۈك ئېچىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى بايقىلىپ قالدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار مۇش-كۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ توپ ئوقىغا تا-قابىل تۇرغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. توپ ئوقى پارتلىغاندا چاچرىغان تاش پارچىلىرىدىن دالدىلىنىشقىمۇ ئامالسىز ئىدى، ئۇلار تاش سارايىنىڭ كارىدورىغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ، قاراقچىلارنىڭ توپ ئېتىپ قالايمىقان پارت-لىتىشىنى ئۆز مەيلىگە قالدۇردى. دەل شۇ پەيتتە، سىرتتا گۇرسىدە قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىپ، ئېچىنىشلىق داد-پەريادلار ئاڭلاندى. سايرېس سىمىت بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دېرىزىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلار قوش ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمىنىڭ شىددەتلىك سۇ ئېقىمىدا توساتتىنلا تىك كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىن ئىككى پارچە بولۇپ، كېمىدىكىلەر بىلەن بىللىلا دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— كىمە پارتلاپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرىدى خار-بىرت ھەيران بولۇپ.

قاراقچىلارنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى! سايرىس سمىت، مۇخبىر ۋە ئايرتون دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ، پېنكروف، ناب ۋە خاربېرتلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار قوش ماچتىلىق كېمىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ماچتىلىرىمۇ كۆرۈنمەي قالغانىدى، قوش ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمە قايىنامنىڭ كۈچى بىلەن تىك كۆتۈرۈلۈپ، بىر يېنى بىلەن يانپاشلاپ چۈشكەن ۋە شۇ پېتى دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقەدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. باياتىن زادى نېمە ۋەقە بولدى؟

## 17

تاش سارايىنىڭ ئامبىرىدا خېلى كەڭرى جاي بار ئىدى، ئەمما شۇ كۈنى ۋاقىت چەكلىك بولغاچقا، ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئامبارغا كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. لېكىن ئارالدا تىرىك قالغان ھېلىقى ئالتە قاراقچىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايتتى، ئۇ قانخورلاردىن ھامان ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە نۆۋەتلىشىپ كۆزەت قىلىپ

چىقتى.

كېچە تىنچ ئۆتتى. قاراقچىلار ھەرىكەت قىلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇردى. قوش ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمىدىكى ئارغامچا-تانىلارنى يېشىۋالدى ۋە ساندۇقتىكى قىممىتى بار بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى تاش سارايغا ئەكىردى. ناب دېڭىز قىرغىقىدىن پارتلىغانلىقىنىڭ ئىزى بار بىر پارچە كاۋاك تۆمۈر پارچىسىنى تېپىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا كۆرسەتتى. سايرېس سىمىت كاۋاك تۆمۈر پارچىسىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى-دە، «بۇ تورپېدا سۇ مىناسىنىڭ قالدۇقى!» دېدى.

— سۇ مىناسى! — دەپ ۋارقىراشتى ئىنژېنېرنىڭ ھەمراھلىرى.

— بۇ سۇ مىناسى بايقىلىپ، ھەممە مەسىلە ئېنىقلىنىدىغان بولدى، — دېدى سايرېس سىمىت ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا. ئۇ جەنۇب-شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ خىل ۋەھىمىلىك قورالنى سىناپ باققانىدى، بۇ جەھەتتە ئۇ خاتالاشمىغانىدى.

— بىزنىڭ بۇ ئارالدا ھەقىقەتەن ئىنتايىن تالانتلىق بىر ئادەم بار. مېنىڭ بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، ئۇ بىزگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. مەن

شاردىن دېڭىزغا چۈشۈپ قالغىنىمدا، مېنى قۇتۇلدۇر-
غانمۇ، خەت سېلىنغان بوتۇلكىنى بوغۇزغا تاشلاپ،
ئايرتوننىڭ تۇرار جايىنى بىزگە خەۋەر قىلغانمۇ ئاشۇ
ناتونۇش ئادەم. مېنىڭ يەنە قوشۇمچە قىلىدىغانلىرىم
شۇكى، بىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر قاچىلانغان ساند-
دۇقنى ئولجا تۇمشۇقىغا ئەكېلىپ تاشلىغانمۇ، تۆپىد-
لىككە ئوت يېقىپ سىلەرگە يول كۆرسەتكەنمۇ شۇ ئا-
دەم؛ پېككارى كۇچۇكىنىڭ تېنىدىكى قوغۇشۇن ئوقنى-
مۇ شۇ ئادەم ئاتقان؛ بوغۇزغا سۇ مىناسى تاشلاپ، قوش
ماچتىلىق يەلكەنلىك كېمىنى پارتلاتقانمۇ شۇ ئادەم.
قىسقىسى، بىز تېگىگە يېتەلمىگەن سىرلىق ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى ئاشۇ سىرلىق ئادەم قىلغان!

— قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى گېدىيون سىپېد-
لېت، — بىزنىڭ بۇ ئارالغا ھەممىگە قادىر بىر ئىنسان
يوشۇرۇنغان. ئۇ بىزگە كۆپ ئەسقاتتى. مېنىڭچە، يو-
شۇرۇنۇپ يۈرگەن بۇ ئادەم خاسىيەتلىك ئادەمدەك قابى-
لىيەتكە ئىگە، ئۇ ئادەم تاش سارايدىكى سىرلىق يول
ئارقىلىق پىلان - مەقسەتلىرىمىزنى بىلىپ تۇرسا كې-
رەك، بىز تۇنجى قېتىم دېڭىزغا چىققاندا، ھېلىقى بو-
تۇلكىنى بىزگە تاشلاپ بەرگەن، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ
سىزگە ياردەم قىلغۇدەك ئىمكانىيىتى بولمىغان شارا-
ئىتتا، سىزنى سۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان شۇ ئادەم

بولسا كېرەك. ئەگەر راستتىنلا شۇ ئادەم بولسا، ئۇنى مۆجىزە يارىتىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

مۇخبىرنىڭ تەھلىلى توغرا ئىدى، ھەممەيلەن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۆزىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان شەپقەتچىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىزدەپ تېپىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدى. ناۋادا ئۇ ئادەم بولمىغان بولسا، بىزگە بۇگۈنكى كۈن بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى، دېيىشتى.

— بۇنداق بولسا، ھەممىمىز شۇ قارارغا كەلدۇق، ۋاقتى كەلگەندە، ئارالنىڭ ھېچقانداق بولۇڭ - پۇچقىقىنى قالدۇرماي تەكشۇرەيلى. ھەتتا ئەڭ يوشۇرۇن جايلىرىنى-مۇ تەكشۇرەيلى. ناتونۇش دوستىمىز بىزنىڭ ياخشى نىيىتىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ ئىشىمىزنى كەچۈرەر.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە زىرائەتلىرىنى ئوروپ، ئوت - چۆپلىرىنى يىغدى. بۇ دەل يىغىم پەسلى بولغاچقا، ئۇلار ئارالنىڭ تېخى نامەلۇم يەرلىرىنى تەكشۇرۇشنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ جىددىي ئىشلىرىنى تۈگىتىۋالماقچى بولدى.

شۇ تاپتا ئارالدا ئالتە قاراقچى سەرسان بولۇپ يۈر-گەنلىكى ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئارالدا بۇرۇنقىدەك بەخىرا-مان يۈرەلمەيدىغان بولدى. ئەمدىكى ھەممىدىن مۇھىم

ئىش ئارالنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىش ئىدى، يەنە كې-
لىپ بۇ ئاللىبۇرۇن قارار قىلىنىپ بولغانىدى. ئالدى
بىلەن ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش،
ئاندىن ھېلىقى سىرلىق ئادەمنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك
ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئايرتونمۇ قوتانغا بېرىپ ماللارغا
قارىشى كېرەك ئىدى. ئايرتون بىر قولانىنى ھارۋىغا قې-
تىپ مېڭىپ كەتتى. ئىككى سائەتتىن كېيىن قوتاندى-
كى مال ـ ۋارانىنىڭ ئامان ـ ئېسەن ئىكەنلىكى توغرىسىدا
تېلېگراما كەلدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى كۆپچىلىك
ئايرتونغا تېلېگراما بەردى. ھەيران قالارلىق ئىش شۇ
بولدىكى، ئايرتون ئۆز ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، جاۋاب
تېلېگراما قايتۇرمىدى؛ كەچ سائەت ئون بولاي دېگۈچە
ئايرتوندىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمىدى، كۆپچىلىك بۇ-
نىڭدىن ئىنتايىن ئەنسىرىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سايرېس سىمىت يەنە بىر قېتىم
تېلېگراما بەردى، بىراق يەنىلا جاۋاب ئالالمىدى.

— يولغا چىقايلى! — دېدى ئىنژېنېر كەسكىنلىك
بىلەن، — قوتانغا بارايلى!

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار قوراللىرىنى ئالدى،
مەسلىھەتلىشىپ، نابنى تاش سارايغا قاراشقا بەلگىلىدى،
ھازىر تاش سارايىنىڭ ئوت كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك
ئىدى، دۈشمەننى بايقىسا، ئۇ ھەر ۋاقىت ئوت ئاچسا

بولاتتى. ئۇلار قىرغاقنى بويلاپ ئىككى ئىنگلىز مىلچە ماڭغاندىن كېيىن، خاربېرت بىردىنلا سىمىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى بايقىدى. كۆپچىلىك قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، ئورمان ئەتراپىنى كۆزىتىپ ماڭدى.

ئۇلار ئورمانلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ قوتاننى تەپ- سىلىي كۆزەتتى، رېشاتكىدىن قارىغاندا، ۋەيرانچىلىقنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، دەرۋازا ئىلگىرىكىدەك يېپىقلىق، قوتان ئىچى جىمجىت تۇراتتى. مال- چارۋى- لارنىڭ مۆرەش- مەرەشلىرىمۇ، ئايرتوننىڭ ۋار- ۋۇر ۋار- قىراشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. بۇ يەر ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىلگىرىلىدى. سايرېس سىمىت دەرۋازىنىڭ ئىچكى تا- قىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، دەرۋازىنى ئېچىشىغا، مىلتىقنىڭ پاڭگىدە قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ خاربېرت يەرگە يې- قىلدى، ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنىدى. ئۇلار دەرھال خاربېرت- نى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا توختىماي سوغۇق سۇ سەپتى، خاربېرت ئىگرىغىنىچە چوڭقۇر ئۇيقۇغا كەتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بۇ بىر سوتكا جەريانىدا، پەقەت خاربېرتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش- نىڭلا كويىدا بولدى. ئۇلار قاراقچىلار كېلىپ قالسا، تۇغۇلىدىغان خەۋپ- خەتەرنىمۇ، قانداق مۇداپىئە تەدبىر-

لىرىنى قولىنىش كېرەكلىكىنىمۇ ئويلاشمىغانىدى. ئۇلار خاربېرتنىڭ جاراھىتىگە ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى، پېنكروف خاربېرتنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرغاندا، سايرېس سىمىت بىلەن گېديون سىپىلېت نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلار فېرمىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئايرتوننىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ بەختسىز بىچارىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شېرىكلىرى تۇتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ فېرمىدا قاراقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانمىدۇ؟ ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېلىشىپ يۈرۈپ قۇربان بولغانمىدۇ؟ بۇ كېيىنكى قىياس ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. گېديون سىپىلېت قاشا ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپىنى كۆزەتتى، ئۇنىڭ ئىچى - سىرتى ھېچقانداق بۇزۇلمىغان، دەرۋازا يېپىق بولغاچقا، مال - ۋارانلارمۇ ئورمانلىققا قېچىپ كېتەلمىگەنىدى. كۆپچىلىك مەيلى ئۆينىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى قوتاننىڭ سىرتىدا بولسۇن، ئېلىشقانلىقنىڭ ھېچقانداق ئالامىتىنى بايقىمىدى. پەقەت ئايرتونلا قورالى بىللە يوقالغانىدى.

— ئۇ چوقۇم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى سايرېس سىمىت، — قارىغاندا ئۇ ئۆزىنى قوغدىغان، بىراق ئاخىردا تەڭ كېلەلمىگەن بولۇشى

مۇمكىن.

شۇنداق بولۇپلا قالماي، ناب بىلەن خەۋەرلەشمىگە-لىمۇ بىر سوتكا بولۇپ قالدى. ئۇلار توپىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. سايرىس سىمىت بىلەن مۇخبىر قوللىرىغا كارابىن مىلتىق ئېلىپ، دەرۋازىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئۇلار توپ تاش سارايغا ئامان - ئېسەن يېتىپ بارالىسىلا، نابنىڭ ئۇنى خەت بىلەن دەرھال قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ئې-تىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىتنىڭ قاتتىق ھاۋشىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. ئىنژېنېر دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى، توپمۇ يۇگۈرگەن پېتى دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئىنژېنېر دەرھال دەرۋازىنى يېپىۋالدى. ئىتنىڭ بوينىغا ناب يېزىپ ئەۋەتكەن بىر پارچە خەت باغلاقلىق تۇراتتى:

«تاش ساراي ئەتراپىدا قاراقچىلار يوق.»

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ۋاقتىنچە خاتىرجەم بولدى. بىراق بىچارە خاربېرتنىڭ ھاياتى بارغانسېرى خەۋپ ئىچىدە قېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئوق تېگىپ يارىلانغان مۇرىسىنىڭ جاراھىتى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋا-تاتتى. بىراق، قاراقچىلار يەنىلا ئورمانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قوتاننى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، كۆپچىلىكنىڭ

جىنىدىن تويغان بۇ قاراقچىلاردىن ھەر ۋاقىت پەخەس بولۇشىغا توغرا كەلدى. بۇ قاراقچىلارنىڭ قوراللىرى ئىلغار بولۇپ، خالىغانچە ئورمانلىقتا كىرىپ تەۋەك-كۇلچىلىك قىلىشقا بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئارالنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشىنى خاربىرتنىڭ ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن ئاندىن باشلاشقا توغرا كەلدى. ھېلىقى سىرلىق شاپائەتچىنى ئىزدەش ئىشىمۇ نائىلاج ۋاقىتىنچە تاشلاپ قويۇلدى. بۇ قېتىم ئۇلار قوغدىنىشقا تازا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇ ئۆزىنى كۆرسەتمىدى.

بىر قېتىم مۇخبىر قاراملىق قىلىپ قولىغا كا-رابىن مىلتىقنى ئېلىپ، قاشا سىرتىدىكى يولنى بىرنەچچە قېتىم چارلاپ كەلدى. توپ ئوت - چۆپلەر ۋە چاتقاللار ئارىلىرىنى تىمىسقىلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. كېيىن ئۇ چاتقاللار ئارىسىغا كىردى - دە، ئۇ يەردىن بىر پارچە پاسكىنا لاتىنى چىشلەپ تارتىپ چىقتى. گېديون سىپىلېت بۇ لاتىنى دەرھال قوتانغا ئاپاردى. كۆپچىلىك بۇ لاتىنى سىنچىلاپ كۆرۈپ، ئايرتوننىڭ كىيىمىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ-نىڭدىن ئايرتوننىڭ قاراقچىلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن-لىكى، قاراقچىلارنىڭ ئۇنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆ-رۈۋالغىلى بولاتتى. كۆپچىلىكتە بىرئاز بولسىمۇ ئىشەنچ

توغۇلدى. قاراقچىلار ئايرىتوننى ئۆلتۈرمىگەن، ئۇنى ئە- كېتىپ، ئارالنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىگە قاماپ قويغان بولۇشى ئېھتىمال ئىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بىچارە خاربېرتنىڭ جاراھىتى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار نابىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇ باتۇر نېگىردىن ئەنسىرىمىدى، ناب تاش سارايىنى پىششىق ساقلىسىلا، ھېچقانداق ھۇجۇمغا ئۇچرىمايتتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق خاربېرتنى تاش سارايغا قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. ئورمانلىقتىن ئۆتۈشتە قىيىنچىلىق كۆپ، قوتان ئەتراپى قورالىق قاراقچىلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغان بول- سىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ قېتىمقى يۆتكەش ئىشىنى قارار قىلىشتى. بۇ يەردە خاربېرتنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۇ- مىد يوق ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، كۆپچىلىك خار- بېرتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشاتتى، بىردىنلا توپنىڭ قاتتىق ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سايرېس سىمىت، پېنكروف، گېدىيون سپىلېت بەتلەكلىك مىلتىقلىرىنى ئېلىپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. توپ قاشاغا يۈگۈرۈپ بې- رىپ، بىر تەرەپتىن ھاۋشىسا، بىر تەرەپتىن سەكرەيتتى، قارىغاندا، ئۇ خۇشال بولغاندەك قىلاتتى. كىمدۇر بىرەي- لەن قاشادىن ئارتىلىپ سەكرەپ چۈشتى، ئۇ يۇپ ئىدى.

يۇپىنىڭ بويىدا خەت سېلىنغان كىچىك بىر خالتا ئېسىقلىق تۇراتتى، سايرېس سىمىت ئۇ خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«جۇمە، ئەتىگەن سائەت ئالتە، كۆزىتىش تۆپىلىكى قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى! ناب.»

يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايتتى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كارابىن مىلتىقلىرىنى ئېلىشىپ يولغا چىقتى، بولمىسا، نابقىمۇ بىرەر كۆلپەت كېلىشى مۇمكىن ئىدى. سايرېس سىمىت بىلەن گېدىيون سى-پىلېت ھەرقانداق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار بو-لۇپ، ھارۋىنىڭ بىر تەرىپىدە ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا، قا-راقچىلارنىڭ كۆزىتىش تۆپىلىكىدىن نېرى كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نابنىڭ قاراقچىلارنى كۆرگەن ھامان خەت يېزىپ خەۋەر قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. قوتانغا نۇرغۇن قېتىم كەلگەن چاققان مايمۇن قوتان بىلەن تاش ساراي ئارىلىقىدىكى مۇساپىنى كۆپ بولسا 45 مىنۇتتا بېسىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

كۆپچىلىك ئورمانلىقتىن ئۆتكەندە، ئىنتايىن ئاگاھ بولۇپ ماڭدى. توپ بىلەن قولىغا توقماق ئېلىۋالغان يۇپمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار تۆپىلىكتىكى ئاسما كۆۋ-رۈككە بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئاسما كۆۋرۈك يەنىلا

چۇشۇرۇكلۇك ئىدى. قاراقچىلار تۆپىلىكتىكى مۇداپىئە دەرياسى ئارقىلىق تۆپىلىككە چىققانىدى. تۆپىلىكتىن قايقارا تۇتۇن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ئىس - تۈتەك ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ناب ئىدى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا قاراپ تەڭلا ۋارقىراشتى. ئاۋازنى ئاڭلىغان نابمۇ بۇلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى...... گېديون سىپىلېت هارۋا يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە، خاربېرت هوشىدىن كەتكەنىدى. تاش سارايغا خەۋپ - خەتەر تۇغدۇرغان قاراقچىلارمۇ، تالان - تاراج قىلىنىپ ۋەيران بولغان تۆپىلىكمۇ دەرھال ئۇنتۇلدى. خاربېرتنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. بۇ قېتىمقى يۆتكىلىش ئۇنىڭ ئىچكى جاراھىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، هاياتىنى ئېلىپ كېتىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

ئۇلار هارۋىنى دەريانىڭ ئەگىمىگە ئەكېلىپ توختاتتى - دە، دەرەخ شاخلىرىدىن زەمبىل ياساپ، هوشسىز ياتقان خاربېرتنى كۆتۈرۈپ زەمبىلگە ياتقۇزدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، سايرېس سىمىت، گېديون سىپىلېت ۋە پېنكروفلار تاش سارايىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ، هايال ئۆتمەي خاربېرتنى ئۆزىنىڭ تاش سارايدىكى ئورنىغا ياتقۇزدى. گېديون سىپىلېت ئۇنىڭ يارىسىنى تەكشۈ-

رۇپ كۆردى. ئۇ يارنىڭ ئاغزى تامامەن پۈتۈپ بولمىغان-لىقتىن، يىڭنۋاشتىن ئېچىلىپ كەتمىگىيدى دەپ ئەن-سىرەيتتى. بەختكە يارىشا يارا ئاغزى ئېچىلىپ كەتمىگە-نىدى. بۇ ۋاقىتتا سايرىس سىمىت فېرمىدا بولغان ئەھ-ۋاللارنى نابقا بايان قىلدى؛ نابمۇ تۆپىلىكتە نېمە ۋەقەلەر بولغانلىقىنى خوجايىنغا بايان قىلدى. قاراقچىلار تۈنۈ-گۈن ئاخشام دەريا بويىدىكى ئورمانلىق چېتىدە پەيدا بول-غانىدى.

بۇ چاغدا، بىچارە خاربېرت بەدىنى قاتتىق قىزىپ، ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئاغرىقى توختىماي قوزغىلىپ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاغرىقى بىرقانچە قېتىم تەكرار قوزغىلىپ تۇردى، ناۋادا يەنە مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، ئۇلارنىڭمۇ ئاغرىقنى توختىتىشقا ئامالى بولمىسا ..... ئۇنداقتا، بۇ يىگىت ئۆ-لۈپ كېتەتتى.....

ئەتىسى، خاربېرتنىڭ تېنى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئۇ ئورۇق بارماقلىرىدا كىرلىكنى چىڭ تۇتۇۋال-غانىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قوۋزاق پاراشوكى ئىچكۈزدى، لېكىن بۇ خىل پاراشوك سەگىتىش، تىنچلاندۇرۇش رو-لىنىلا ئوينايتتى، شۇڭا ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىدى.

— ئەگەر بىز ئەتە ئەتىگەنگىچە قىزىتما ياندۇرىدىغان

دورا تېپىپ ئىچكۈزمىسەك، خارىبېرت تۈگەيدۇ، — دېدى گېدىيون سىپىلېت.

يەنە كەچ بولدى. بۇ كېچە ئۇلارغا بۇ باتۇر، ئاق كۆڭۈل ئۆسمۈر يىگىتنىڭ ئاخىرقى كېچىسى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا ھەممىسى ئامراق ئىدى، بىراق ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورىسى لىنكولىن ئارىلىدا يوق ئىدى. كېچىدە خارىبېرت ئاخىرقى پەيتتىكى ھوشسىز ھالەتكە كىرىپ قالدى؛ ئۇ ھېچكىمنى تونۇيالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تامامەن ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، ئۆلۈك ئادەمدەك ياتاتتى. ئۇلار كېچىچە خارىبېرتنىڭ يېنىدا تۈنەپ چىقتى، خارىبېرت ئاخىرقى ھېسابتا بەرداشلىق بېرەلىدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، توپ سىرلىق ھاۋشىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى....

ئەتىگەن سائەت بەش بولغانىدى، قۇياش نۇرى تاش سارايىنىڭ ئۆيلىرىنى يورۇتتى. گۈزەل ھاياتنىڭ بىر كۈنى يەنە باشلاندى، لېكىن بۇ كۈننى بىچارە خارىبېرتنىڭ ئاخىرقى كۈنى دېيىشكىمۇ بولاتتى، قۇياش نۇرى كارىۋات يېنىدىكى ئۈستەلگە چۈشتى. پېنكروف ئۈستەلدە تۇرغان بىرنەرسىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئۇزۇنچاقراق كەلگەن كىچىككىنە قۇتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشتىكى ئالاھىدە ئۇ-

نۇملۇك دورىنىڭ نامى يېزىلغانىدى، گېديون سىپىلېت قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ئاچتى، قۇتىدا ئاق پاراشوك دورا بار ئىدى. گېديون سىپىلېت قىلچە ئىككىلەنمەستىن خاربېرتقا بۇ دورىنى ئىچكۈزدى. كۆپچىلىك خاربېرتنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنىشىغا تولۇق ئىشەندى. شۇ تاپتا ئۇلار-نىڭ ۋۇجۇدى يەنە ئۈمىدكە تولغانىدى. چۈنكى، ھېلىقى سىرلىق كۈچ يەنە ياردەم قولىنى سۇندى، سۇنغاندىمۇ ھەممىنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەن، ئەڭ جىددىي پەيتتە سۇ-نۇلغانىدى....

## 18

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن خاربېرت خېلى تىنچلىنىپ قالدى. شۇ چاغدىلا كۆپچىلىك بۇ ۋەقە ئۈستىدە پاراڭلاشتى. بۇ قېتىم شۇ سىرلىق ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارى-غاندا تېخىمۇ ئېنىق بولدى. ئەمما ئۇ، تۇم قاراڭغۇ كېچىدە تاش سارايغا قانداق كىرەلىدى؟ بۇنى زادى چۈ-شەنگىلى بولمايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، «ئارالنىڭ شا-پائەتچىسى»نىڭ قىلغان ئىشىمۇ سىرلىق ئىدى.

خاربېرتقا شۇ كۈنى ھەر بىر نەچچە سائەتتە بىر قېتىم خىنىن سۇلفات پاراشوكى ئىچكۈزۈلدى، ئەتىسىدىن

باشلاپ، خارىبېرتىنىڭ كېسىلى تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى.

يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ، فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالدى. بۇ، بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، كېچىسى ئاي يورۇق بولاتتى، هاۋا سوغۇقمۇ ئەمەس ئىدى، شۇڭا، بۇ ۋاقىت بۇ قېتىمقى يىراق مۇساپىلىك ھەرىكەتنى باشلاشقا ئىنتايىن قولايلىق ۋاقىت ئىدى.

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولغا چىقتى. سايرېس سىممىت تاش سارايىنى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر قانداق ھۇجۇمدىن ساقلاشنىڭ زۆرۈر چارە - تەدبىرلىرىنى كۆردى. تاش سارايغا چىقىش - چۈشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئارغامچا شوتىنى ئۆڭكۈر تېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۈشۈرۈپ قويدى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ناھايىتى جاپالىق بولدى، ئۇلار قېلىن چاتقاللارنى كېسىپ تاشلاپ، ئورمانلىقنى ئاستا - ئاستا كېسىپ ئۆتتى. شۇ كۈنى ئۇلار ئالتە ئىنگلىز مىلىلا يول ماڭالىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئورمانلىقتا دەرەخلەرنى پالتا بىلەن كېسىپ تاشلاپ يول ئېچىشىغا توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار بەزى ئاياغ ئىزلىرىغىمۇ دىققەت قىلدى. ئۇلار ئورمانلىقتىن قاراقچىلارنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىنى تاپتى، ئۇلار يېقىندىلا

ئۆچكەن ئوت يېنىدىن ئادەم ئايىغىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن تەكشۈردى. ئۇلار جەمئىي بەش ئادەمنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. دېمەك، بۇ يەردە بەش قاراقچىنىڭ قونغانلىقى ئېنىق ئىدى. لېكىن ئۇلار قانچىلىك سىنچىلاپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئالتىنچى ئادەمنىڭ — ئايرتوننىڭ ئىزىنى تاپالمىدى.

— بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايرتون يوق ئىكەن، - دېدى پېنكروف، ئايرتون ئۇلار بىلەن بىللە بولمىسا، بۇ مۇناپىقلار ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. بىز ئۇلارنى يولۋاسنى قورشاپ يوقاتقاندەك قورشاپ يوقىتىپ، ئايرتوننىڭ قىساسىنى ئېلىشىمىز كېرەك!

پاكىت ناھايىتى ئېنىق ئىدى، شۇڭا، پېنكروفنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قارشى چىقمىدى. شۇ كۈنى كەچتە، ئۇلار تاش سارايدىن ئون تۆت ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر جايدا قوندى. ئەتىسى ئۇلار ئورمانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ يېرىم ئارالنىڭ چېتىگە يەتتى. ئەمما نە قاراقچىلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى، نە ناتونۇش ئادەمنىڭ مەخپىي تۇرار جايىغا ئوخشايدىغان بىرەر ماكانىنى تاپالمىدى.

كەچتە، ئۇلار بەش ئادەم قوتانغا يېتىپ كېلىپ، دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن كارىۋاتتا ياتقان بىر ئادەمنى كۆردى.

— ئايرتون! ــ دېدى سايرېس سىمىت بىردىنلا ئاستا پىچىرلاپ.

سايرېس سىمىتنىڭ ئاۋازىدىن باشقىلار ھەيران بولدى، بۇنداق بولۇشى، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆيگە كىردى. ئايرتون ئۇخلىغاندەك ياتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان بولۇپ، مەيدىسى ۋە پاچىقىدا چوڭ ـ چوڭ يارا ئىزلىرى بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزاق ۋاقىت دەھشەتلىك قىيناشقا ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئايرتون!» دەپ ۋارقىراشتى.

بىردەمدىن كېيىن، ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئاچتى:

— .... سىلەرمىدىڭلار.... — دېدى ئۇ، — سىلەرمىدىڭلار.... ئۇلار ھازىرلا كېلىدۇ!... پەخەس بولۇڭلار!.... قوغدىنىڭلار!....

ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە ھوشىدىن كەتتى.

— سىپىلىيت، — دېدى ئىنژېنېر، — بىز ھەر ۋاقىت ھۇجۇمغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. ھارۋىنى قوتان ئىچىگە ئەكىرىۋېتىپ، بۇ يەرگە قايتىپ كېلىڭلار.

پېنكروف، ناب ۋە مۇخبىر شۇئان ئىنژېنېرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا، ھارۋا قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بو-

لۈشمۇ مۇمكىن ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە ئارد-لىقتا سىپىلىت بىلەن ئۈنىڭ ئىككى ھەمراھى قوتاذ-دىن ئۆتۈپ قاشانىڭ دەرۋازىسى يېنىغا باردى، بۇ چاغدا ئۇلار توپنىڭ قاشانىڭ كەينىدە بوغۇق ئاۋازدا ھاۋشىغى-نىنى ئاڭلىدى.

ئىنژېنېر مىلتىقىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى. خار-بېرت ئۈنىڭ بىلەن بىللە چىقتى. ئىككىسى قوتاننىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ چوققىلىرىغا سەپسالدى. ئەگەر قاراق-چىلار شۇ يەرلەردە مۆكۈپ ياتقان بولسا، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنى بىر – بىرلەپ ئېتىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار قاراقچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كېچىدە سۈكۈت قىلىپ كۈتمەكتە ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن ئاي قاراڭغۇ ئاسماندا ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭ نۇرىنى ئورمانلىق، كەپە، قاشاغا چېچىپ، ھەممە تەرەپنى يورۇتۇۋەتتى. دەل شۇ پەيتتە، باغلاقلىق تۇرغان توپ زەنجىرنى ئۈزۈپ تاشلاپ، غەزەپ بىلەن قاتتىق ھاۋشىغان پېتى قاشانىڭ كەينىگە قاراپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. كۆپچىلىك مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە تىرەپ، ئېتىشقا تەييار تۇردى. توپ توختىماي ھاۋشىيتتى، يۇپمۇ توپنىڭ يېنىغا بار-دى، كۆپچىلىكمۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ئارقىدىن ئېتىلىپ باردى.

سۇتتەك ئاي يورۇقىدا ئۇلار نېمىنى كۆردى دېمەمسىز؟

دەريا قىرغىقىدا بەش قاراقچىنىڭ جەستى ياتاتتى.

## 19

بۇ زادى قانداق ئىش؟ قاراقچىلارنى ئۆلتۈرگەن كىم؟ كۆپچىلىك بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ھەيران بولۇشتى. ئۇلار قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. ئۇلار ئۇزۇن كېچىنى ئايرتوننىڭ كەپىسىدە ئۆتكۈزدى، قاراقچىلارنىڭ جەستى تۇرغان جايغا بىرىپمۇ قويمىدى. قاراقچىلارنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئايرتوننىڭمۇ بىرنەرسە دەپ بېرەلىشى ناتايىن ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاجىزلاپ كەتكەن، تامامەن ھوشسىز ھالەتتە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ھېچنېمىنى بىلمەي ياتاتتى! ئەمما ئۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى ۋە يېقىنقى ۋەقەلەرنى دەپ بېرەلەيتتى.

ئەتىسى ئايرتون ھوشىغا كەلدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنىڭ تېپىلغانلىقىغا خۇشال بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتكەن دوستىنى ئاخىر تاپتى. ئايرتون بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قىسقىچە بايان قىلدى.

ئايرتون قوتانغا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، قاراقچىلار قاراڭغۇدا قاشادىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئايرتونغا ھۇجۇم

قىلىپ، ئۇنىڭ پوت ـ قوللىرىنى باغلاپ، ئاغزىغا بىر- نېمە كەپلەپ قويغان ۋە ئۇنى ئۆڭكۈرگە بىرنەچچە ئاي قاماپ قويغانىدى. بۇ ئارىلىقتا قاراقچىلار ئۇنى قاتتىق نەزەربەند قىلىپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆڭكۈردىن ئايرىلمىغان، كۆزىتىش تۆپىلىكىنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆڭكۈردىن كەتمەسلىكنى لايىق كۆرگەن. ئاخىردا ئۇ قاتتىق قىيناش تۇپەيلىدىن تېنى ئاجىزلاپ هالسىراپ كېتىپ، كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان، قۇلىقى گاس بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈندە ئايرتون نېمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى زادىلا بىلمەيتتى.

تاڭ ئېتىپ، يەر ـ جاهان ئاپئاق يورۇپ كەتكەنىدى. دەريا بويىدا بەش قاراقچىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى، قارىغاندا ئۇلارنى چاقماق سوقۇۋەتكەندەك قىلاتتى. ئايرتوننىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

سايرىس سىمىت ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن جەسەتلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى. قاراق- چىلارنىڭ بەدىنىدە هېچقانداق يارىنىڭ ئىزى يوق ئىدى. پېنكروف سىنچىلاپ قاراپ، جەسەتلەرنىڭ پېشانە، كۆكرەك، دۈمبە ۋە مورە قىسىملىرىدا كىچىككىنە قى- زىل داغ بارلىقىنى بايقىدى، باشقا جاراهەت كۆرۈنمەيت- تى، ئۇلارنىڭ هەقىقىي ئۆلۈش سەۋەبىنىڭ زادى نېمە- لىكىنى دەرهال ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇلارغا ئوق تەگكەن! بۇلار جاراھەت ئىبغە-ىزى، — دېدى سايرىس سىمىت.

— ئۇ قانداق قورالدۇ؟ — دەپ سورىدى سىپىلېت.

— جانغا زامىن بولىدىغان بىر خىل سىرلىق قو-رال!

— بۇلارنى كىم ئۆلتۈرگەندۇ؟ — دەپ سوردى پېنكروف.

— مۇشۇ ئارالدىكى ھېلىقى سىرلىق ئادەم، — دەپ جاۋاب بەردى سايرىس سىمىت، — ئۇ ئايرتوننى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغان، ئارقىدىن بۇ قاراقچىلارنى ئۆل-تۈرگەن؛ ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى جارى قىلدۇ-رۇپ، بىزنى قۇتقۇزۇپ قويغان، ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈگەت-كەندىن كېيىن، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي كېتىپ قالغان.

— ئۇنى ئىزدەپ تاپايلى! — دەپ ۋارقىرىدى پېنك-روف.

— توغرا! ئۇنى تاپايلى! — دەپ جاۋاب بەردى ساي-رىس سىمىت.

بۇ كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ساداسى ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ شەپقەتچىنى تېپىش كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەربىر ئىشتا بۇ سىرنى يېشىش كويىدىلا ئىدى. بۇ سىر كىشىنىڭ ئەقلى يەت-مەيدىغان شۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىلىش ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي كۆپچىلىك قوتاندىكى كەپىگە قايتىپ كېلىشتى، ئايرتون ئۇلارنىڭ ياخشى كۈتۈشى نەتىجە-سىدە تېز ھوشىغا كېلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، خېلىلا كۈچ ـ ماغدۇرىغا كەلدى. كۆپچىلىك ئەمدى قاراقچىلار-نىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى ھەم قايتىدىن ئارالنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. شۇ تاپتا ئۇلار ھەقىقەتەن قىلىشقا تېگىشلىك بىرلا ئىش قالغاندى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتچىسىنى جەزمەن تې-پىش ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىم فرانكلىن تېغىنىڭ ئاز-گال ـ تۈزلەڭلىكلىرىنى، غار ـ ئۆڭكۈرلىرىنى بىرىنى قويماي تولۇق تەكشۈرۈپ چىقماقچى بولدى. ئارالنى ما-كان قىلغۇچىلار ئارالدىكى بۇ شەپقەتچىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ شەپقەتچى بوگۇنىگىچە بولغان كۆپ قېتىم-لىق چۈشىنىكسىز ھەرىكەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ سېھ-رىي كۈچىنىڭ ھەقىقەتەن چەكسىز ئىكەنلىكىنى ناما-يان قىلغاندى، شۇنداقلا ئۆزىنى كۆپچىلىكنىڭ تەپسى-لىي تەكشۈرۈشىدىن ئۇستىلىق بىلەن قاچۇرۇپ يۈرەت-تى. چۈنكى ئۇلار كاللىسىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھەممە يەرنى تەك-شۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ سىرلىق شەپقەتچىنىڭ ماكانىنى يەنىلا تاپالمىدى.

ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى تەكشۈرۈش دائىرىسىنى لىنكولىن ئارىلىنىڭ پۈتكۈل شىمالىي رايونىغىچە كېڭەيتتى. ئۇلار ھەتتا ئەڭ يوشۇرۇن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىمۇ ئالا قويماي، يانار تاغ چوققىسىغىچە تەكشۈردى.

يانار تاغ چوققىسىغا تاشلار دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇلار تاغ چوققىلىرىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، يانار تاغ ئاغزىغا چىقتى، ھەتتا يانار تاغ ئېغىزىغا كىرىپمۇ تەكشۈردى. يانار تاغ ئېغىزىدىن قارىغاندا، يانار تاغ ئۆچكەن بولسىمۇ، تېگىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بىراق ئۇنىڭدىن نە ئىس، نە ھور چىقمايتتى، تاش تاملىرىمۇ قىزىمىغانىدى. يانار تاغدىن پات ئارىدا لاۋا ئېتىلىدىغاندەك بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار فرانكلىن تېغىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى تەكشۈرۈپمۇ، ئۆزلىرى ئىزدىگەن ئادەمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرۈشنى دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پۈتكۈل قۇم بارخانلىرىغا كېڭەيتتى. دېڭىز قولتۇقى ئەتراپىدىكى يولدا مېڭىش خېلى قىيىن بولسىمۇ، ئۇلار تىك قىيالارنىڭ ئاستى ـ ئۈستىنى قويماي تەكشۈرۈپ چىقتى. بىراق، يەنىلا بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتالمىدى ۋە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىردا سايىرېس سىمىت بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سىڭدۈرگەن ئەجرى

ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىز بولغانلىقىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى ھەم غەزەپلەندى. ئاخىر ئۇلار ئىلاجسىز ئۆزگە قايتىشنىڭ غېمىنى قىلىشتى، چۈنكى، مەڭگۈ ئىزدەۋېرىشكە بولمايتتى، ئۇلار سىرلىق ئادەمنىڭ ماكا-نى ئارالنىڭ ئۈستىدە بولمىسا كېرەك، دېگىنىز تەكتىدە بولۇشىمۇ ناتايىن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى، شۇڭا، ئۇلار تۈرلۈك خىياللارنى قىلىشقا باشلىدى. پېنكروف بىلەن ناب ئەجەبلەنمىدى، ئۇلار ھەتتا تەبىئەتتىن تاشقىرى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتى. ئۇ ئەسلىدە بىر خاسىيەتلىك ئادەم ئىدى.

كۆپچىلىك تاش سارايغا يەنە قايتىپ كەلدى.

نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇلار يەنىلا رېئاللىققا قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كېمىنى تېزرەك ياساپ پۈتتۈرۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇلار تۇرغان كىچىك ئارالنىڭ كونكرېت ئورنىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەل-دىغان خەتنى تابور ئارىلىغا يەتكۈزۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

## 20

ئۈچ يىل جاپاغا چىداپ ئىشلەش نەتىجىسىدە، لىن-كولىن ئارىلىغا ماكانلاشقۇچىلارنىڭ ئىشلىرى كىشىنى

خۇشال قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىغانىدى. گۇمە-
ران بولغان قوش ماچتىلىق كېمىدىكى بايلىق ئۇلارنىڭ
يېڭى خەزىنىسى بولدى. يېڭى ياسىلىۋاتقان كېمىگە
ئىشلىتىلىۋاتقان بىر يۈرۈش ھەر خىل جابدۇق - ئۈس-
كۈنىلەردىن باشقا، توپ - زەمبىرەك، قورال - سايمان،
ئوق - دورا، كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراغلار تاش
سارايدىكى ئامبارغا لىق توشتى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كې-
چەكلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاسراپ
كىيەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كىگىزدەك قېلىن كىيىمـ-
لەرنى تىكىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ قالمىغانىدى. ئۇلار
دەسلەپ قىشلىغان يىلى زىمىستان سوغۇقنىڭ ئازابىنى
يەتكۈچە تارتقانىدى، ئەمدى بولسا جۇدۇن - چاپقۇنلارنى
قورقماي قارشى ئالىدىغان بولدى.

ئۇلار قەدىمكى زامان ئائىلە كىشىلىرىدەك، يىلىغا
بىر - نەچچە قېتىملا كىر يۇياتتى. سايرېس سىممىت
ناترىي خلورىدتىن، يەنى دېڭىز تۇزىدىن قىينالمايلا خلور
بىلەن سودا ئايرىۋالدى، ئۇنى ئاسانلا كاربوناتلىق شۇل-
تىغا ئايلاندۇردى، شۇنداق قىلىپ ئۇلاردىن ئاقارتىش پا-
راشوكى ۋە باشقا ماددىلارنى تەييارلاپ، كىيىم - كېچەك-
لەرنى يۇيۇشقا ئىشلەتتى. پېنكروف بىلەن گېدىيون
سىپىلېت ياخشى كىر يۇيۇش ئىشچىلىرى بولۇپ قالدى.

قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان ئىيۇن، ئىيۇل،

ئاۋغۇست ئايلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتتى. بۇ ئايلاردا سوغۇق بەكمۇ قاتتىق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ئون نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چۈشتى، يەنى ئۆتكەن يىلقى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىدىن تۆۋەنرەك بول-دى. تاش سارايىنىڭ ئوچىقىغا قالانغان ئوت ئۆچۈرۈلمىدى، چىققان ئىسلار تاش تاملارنى ئىسلاپ قاپقارا قىلىۋەتكە-نىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ئوتۇن ئىقتىساد قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئوتۇن دېگەن تاش سارايدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىلا بار ئىدى.

يېقىنقى بىر قېتىملىق تاغ ئەتراپىنى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئارىلىقتا، سېنتەبىر ئېيىدا ھاۋا رايى ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ئارالدىكى ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى. ئۇمۇ ئۆز كارامىتىنى قايتا كۆرسەتمىدى. بىراق ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ كارامىتىنىڭ ھاجىتى بولمىدى، چۈنكى، بۇ مەزگىللەردە ئۇلار قىيىنىلىپ قالغۇدەك ھېچبىر ۋەقە يۈز بەرمىدى.

ئۇزۇنغىچە ئۆزىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ كەلگەن ھېلىقى شاپائەتچى تاش سارايدىكىلەر بىلەن قېلىن تاش تام ئارقىلىق ئالاقە ئورناتقان بولسىمۇ، توپنىڭ كارامىتى بۇ ئىشلارنى ئۇلارغا ئالدىبۇرۇن ئۇقتۇرۇپ بولغان دېيىشكە بولاتتى. يېقىندىن بۇيان سايرېس سىمىت بۇنداق ئەھۋاللار-

نىڭ قايتا يۈز بەرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىپ كەلگە-نىدى. ئىتمۇ ئىنژېنېرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئاجا-يىپ بىر خىل ھاۋشىشنى توختاتقانىدى، مايمۇنمۇ ئا-رامسىزلانمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىككى دوست ئەم-دى سارايدىكى قۇدۇق بېشىنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈشنى توختاتقانىدى، ئەمما سايرېس سىمىت بۇ سىر سىر پې-تىچە قېلىۋېرىدۇ، بۇ سىرنى ئېچىش مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ ئېيتالامدۇ؟ كەلگۈسىدە نېمىلەر بولىدىغان-لىقىنى كىم بىلىدۇ؟ بىراق ئۇ ئەگەر ئارالدا قانداقتۇر بىرەر ۋەقە بولمىسا، ئۇ سىرلىق ئادەم ئۆزىنى كۆرسەت-مەسلىكى مۇمكىن دەپ كېسىپ ئېيتتى.

ئاخىر قىشمۇ ئۆتتى. باھارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئاقىۋەتى خەتەرلىك بولىدىغان تاسادىپىي بىر ۋەقە يۈز بەردى:

سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى سايرېس سىمىت فرانك-لىن تېغىنىڭ چوققىسىغا نەزەر سالغىنىدا، ئۇ يەردىكى يانار تاغ ئاغزىدىن تۈتۈن چىقىدىغانلىقىنى، دەسلەپكى تۇرۇم - تۈتۈننىڭ ھاۋاغا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقى-نى بايقىدى. كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ ئامالسىز قالدى. ھاۋا رايى ياخشىلىنىش بىلەنلا ئۇلار ئىشنى يەنە داۋام-لاشتۇردى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كېمىنىڭ ئاساسىي قۇ-

رولىنىسى كىمە ياساش مەيدانىدا پۈتتى.

بىر كۈنى كەچتە كۆپچىلىكنىڭ خىيالىغا تولغان پارىڭى باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. سائەت توققۇزدىن ئاشقانىدى. ئۇلار تولا ئەسنەپ، ئارام ئالماقچى بولۇپ كارىۋىتىغا قاراپ مېڭىشتى. پېنكروف ئۆز كارىۋىتى يېنىغا بارغاندا زالدىكى تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ قوڭغۇرىقى بىردىنلا جىرىڭلاپ كەتتى. كۆپچىلىك دەماللىققا دالڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. سايرېس سىمىت، گېدىيون سپىلېت، خاربېرت، ئايرتون، پېنكروف، ناب قاتارلىق ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ھەممىسى سارايدا بولۇپ، قوتاندا ھېچكىم يوق ئىدى.

سايرېس سىمىت بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى راستتىنلا قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇقمۇ-قانداق دېگەندەك قىلىپ ھاڭۋېقىپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دەپ ۋارقىرىدى ناب، — قوڭغۇراقنى شەيتان جىرىڭلاتتىمۇ-يا؟

ھېچكىم ئۈندىمىدى.

— توكنىڭ ئىندۇكسىيىلىك تەسىرىمۇ-يا؟...

خاربېرتنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىنژېنېر ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقىدى.

— بىردەم كۈتۈپ باقايلى، — دېدى گېديون

سىپىلىيت، — ئەگەر ھەقىقەتەن ئادەم بولسا، ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنە تەكرارلايدۇ.

— ئەمما بۇ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ سورىدى ناب.

سايرىس سىمىت تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ يېنىغا بېرىپ سىمغا توك بېرىپ، قوتانغا تېلېگراما يوللىدى:

«سىزگە نېمە لازىم؟»

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىسترېلكا ھەرىكەتكە كېلىپ، تاش سارايدىكىلەرگە مۇنداق جاۋاب كەلدى:

«قوتانغا تېز كېلىڭلار.»

— ئاخىر كۆرىدىغان بولدۇقتە! — كۆپچىلىك ھاياجاندىن ۋارقىراشتى.

## 21

شۇنداق، ئىنتىزار بولغان كۈن ئاخىر كەلدى! مەخپىي سىر ئاخىر ئېچىلىدىغان بولدى! كۆپچىلىك كۈچلۈك قىزىقىش بىلەن قوتانغا قاراپ ماڭدى. ئارام ئېلىش ئۇلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بىرقانچە مىنۇتتىلا تەييارلىنىپ بولدى ۋە تاش سارايدىن چىقىپ، بىردەمدىلا قىرغاققا يەتتى، ئۆيدە توپ بىلەن يۇپلا قالدى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇلارنى ئېلىۋالمىدى.

تۇن قاپقاراڭغۇ ئىدى. گۈلدۈرماملىق قارا يامغۇر-نىڭ قىلىن بۆلۈتلىرى پەس گۈمبەز شەكىللەندۈرۈپ، يۇلتۇزلارنى توسۇۋالغانىدى. يىراقتىن چاقنىغان چاقماق يورۇقى ئۇپۇقنى ئاندا ـ ساندا يورۇتۇپ قوياتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئارال ئۈستىدىمۇ گۈلدۈرماما گۈل-دۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، ناھايىتى قورقۇنچلۇق كېچە بولىدىغاندەك قىلىپ كەتتى.

ئۇلار قوتاندىكى كەپىگە كېلىپ، تېلېگراف ئاپپاراتى تۇرغان ئۇستەل ئالدىغا باردى، باتارېيىمۇ، باتارېيە قا-چىلانغان قۇتىمۇ، تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ تارقاتقۇچ ۋە قوبۇللىغۇچىمۇ ئۆز ئورنىدا تۇراتتى.

— بۇ يەردە بىر خەت تۇرىدۇ، — دېدى خاربېرت ئۇستەل ئۈستىدىكى قەغەزنى كۆرسىتىپ.

قەغەزگە: «يېڭى تارتىلغان سىمنى بويلاپ مېڭىڭ-لار» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

— ماڭايلى، — دېدى سايرىس سىمىت.

بىر سائەت ئۆتتى. ئۇلار شارقىراپ يېغىۋاتقان يام-غۇرغا قارىماي، دېڭىز بويىغا باردى. ئۈچ سائەت ئىچىدە دېڭىز دولقۇنى 15 فۇت تۆۋەنلىگەنىدى. قىيا تۈۋىدە بىر ئۆڭكۈر ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى گۈمبەز شەكىللىك، ئۈستى سۇ يۈزىدىن ئاز دېگەندە سەككىز فۇت چامىسىدا ئېگىز ئىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ياي شەكىللىك

ئۆگزىسى خۇددى ئاستىدىن سۇ ئېقىۋاتقان كۆۋرۈك ئەگمىسىگە ئوخشايتتى، ئاستىدا دېڭىز سۈيى بۇژغۇن چىقىرىپ دولقۇنلىماقتا ئىدى.

ئىنژېنېر ئېڭىشىپ قاراپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان قارا بىر نەرسىنى كۆردى ـ دە، ئۇنى تارتىپ ئۆ-زىگە يېقىنلاشتۇردى، بۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىكى بىر خادا تاشقا باغلاپ قويۇلغان قولۋاق ئىدى. بۇ قولۋاقنىڭ گەۋدىسى تۇنىكە بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئىچىدە ئىككى دانە پالاق تۇراتتى.

— قولۋاققا چىقىڭلار! — دېدى سايرىس سىمىت.

كۆپچىلىك قولۋاققا چىقىپ جايلاشتى، ناب بىلەن ئايرتون بىردىن پالاق تۇتتى، پېنكروف رولنى قولىغا ئالدى. سايرىس سىمىت قولىغا پانارنى ئېلىپ، قولۋاق-نىڭ تۇمشۇقىدا تۇرۇپ يول كۆرسىتىپ بەردى. قولۋاق هايال ئۆتمەي ئۆڭكۈر ئەگمىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستى بىردىنلا ئېگىزلەپ قالغاندەك بولدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى، پا-نارنىڭ يورۇقى غۇۋا بولغانلىقتىن، ئۆڭكۈرنىڭ قانچى-لىك چوڭ ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە ئىمكان بولمىدى. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ، سىرتتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، هەتتا ئۆڭكۈرنىڭ قېلىن تاملى-رىدىن سىرتتىكى گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى.

قولۋاق ئۆڭكۈر تېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بويلاپ ئىلـ-گىرىلەپ بارماقتا ئىدى. سايرېس سىمىت سىمنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ماڭدى، ئۇ سىم تاشلارغا ئىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلغانىدى.

— ئالغا! — دېدى سايرېس سىمىت.

پالاق قاراڭغۇدا سۇدا توختىماي ھەرىكەتلىنەتتى. قولۋاق ئالغا قاراپ چارەك سائەتتەك ئىلگىرىلەپ، ئۆڭكۈرگە كىرگەندىن بېرى يېرىم دېڭىز مىلىچە يول باسقانىدى. قولۋاق توختىشى بىلەن تەڭ، تاغ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەن بۇ چوڭ ئۆڭكۈرنى كۆز-دۈزدەك يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىر خىل يارقىن نۇر چاقنىدى. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا غايەت چوڭ بىر نەرسە لەيلەپ تۇراتتى. ئۇلار ئاشۇ ئاجايىپ نەرسىگە قاراپ ماڭدى. قولۋاق سۇدا لەيلەپ تۇرغان شۇ ئاجايىپ نەرسىنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ توختىدى، بۇ چاغدا كۈچلۈك نۇرنىڭ ئۇنىڭ قىلىن ئەينەكلىرىدىن ئۆتۈپ تارقالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ بىر چوڭ كېمە ئىدى.

## 22

سايرېس سىمىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئۇ يەردە ئوچۇق تۇرغان بىر قاپقاق بار

ئىدى. ئۇلار قاپقاقتا قاراپ ماڭدى ھەمدە قاپقاق ئارقىلىق چۈشۈپ، كېمىنىڭ ئىچىگە كىرىشتى. پەلەمپەينىڭ ئاستى تەرىپى ئىچى بويىغا كەتكەن كارىدور بولۇپ، ئىچى يوپيورۇق ئىدى. كارىدورنىڭ بىر بېشىدا ئىشىك بار ئىدى، سايرىس سىمىت ئىشىكنى ئاچتى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مېھمانخانا بۆلمىدىن تېز ئۆتۈپ، ياندىكى كۈتۈپخانىغا كىردى. كۈتۈپخانا تورۇسىدىن يارقىن نۇر ئەتراپقا چېچىلىپ تۇراتتى. كۈتۈپخانىنىڭ چېتىدە بىر چوڭ ئىشىك بار ئىدى، سايرىس سىمىت بۇ ئىشىكنىمۇ ئاچتى. چىرايلىق دىۋان ئۈستىدە، بۇلارنىڭ كەلگىنىنى سەزمىگەندەك قىياپەتتە بىر ئادەم ياتاتتى.

— كاپىتان نېمو (نېمو «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ مىللىق سەپەر» ناملىق كىتابنىڭ قەھرىمانى. نېمو لاتىنچە «نامسىز» دېگەن مەنىدە)، سىز بىزنى چاقىرغانمىدىڭىز؟ مانا بىز يېتىپ كەلدۇق، — دېدى سايرىس سىمىت. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ھەمراھلىرى تولىمۇ ھەيران بولۇشتى.

ئۇلار بۇ ھەشەمەتلىك زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئەدەپ بىلەن تۇرۇشتى، زال يوپيورۇق ئىدى. ھالبۇكى، كاپىتان نېمو قول ئىشارىسى بىلەن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى.

ئۇلار كاپىتان نېموغا چەكسىز مىننەتدارلىق ئىلـ. كىدە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار قاتتىق ھاياجانلانغانىدى، ئېيتماقچى بولغانلىرىنى ھەرقانداق سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكىمۇ ئامالسىز قالغاندەك قىلاتتى.

كاپىتان نېمو ئىشارەت قىلىپ ئۇلارنى توختاتتى ھەمدە ئۆزىنى باسالماستىن، ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ كەچۈرمىشىمنى ئاڭلاپ، ئاندىن بىرنەرسە دەڭلار، — دېدى.

كاپىتان نېمو ئۆزى بىللە قېچىپ دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ تەكتىنى ماكان قىلغانلارغا كېمىدە ئۆزى يالغۇز ھەمراھ بولۇپ، دېڭىز ئاستىدا خېلى ئۇزاققىچە ئۆز قېلىپىدا ھايات كەچۈرىدۇ، بىپايان ئوكيانلارنى سا. ياھەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر ـ بىرلەپ قازا تېپىپ، تىنچ ئوكيان تېگىدىكى مارجان خادا تاشلىرى ئارىسىغا دەپنە قىلىنىپ مەڭگۈلۈك ئارام تاپىدۇ. «نائۇتېلۇس» تا كاپىتان نېمونىڭ ئۆزى يالغۇز قالىدۇ. كاپىتان نېمو شۇ ۋاقىتتا ئاتمىش ياشقا كىرىدۇ، ئۇ يالغۇز قالغاندىن كېيىن، «نائۇتېلۇس» نى ھەيدەپ، ئۆ. زى دېڭىز ئاستىدىكى پورت دەپ قارىغان پورتلارنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ قويۇپ تۇرىدۇ. بۇ پورتلارنىڭ بىرى لىنكولىن ئارىلى ئىدى.

لىنكولىن ئابرىلىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىدە ناھايىتى كۈچلۈك ئۆزگىرىش بولىدۇ، تاغ ـ تاشلار ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ، بىر قېتىم «نائۇتىلۇس» لىنكولىن ئارىلىنىڭ تەكتىدە تۇرغىنىدا، ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان تاش ئۇنىڭ چىقىش يولىنى توسۇۋالىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن «نائۇتىلۇس» سۇ تېگىدىكى ئۆڭكۈردىن چىقالمايدۇ، پورتتىكى سۇدا يېيىنىك قولۋاق ئۈزەلىسىمۇ، سۇدىكى سالمىقى خېلى ئېغىر بولغان «نائۇتىلۇس» ئۈزەلمەي قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كاپىتان نېمو كېتەلمەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئارالدا ئۇ، تۇرمۇش كۆچۈرگۈدەك ھېچبىر ئامالى بولمىغان، ئىگىسىز ئارالغا چىقىپ قالغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى دائىم كۆزىتىپ يۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ خەتەرگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئاستا ـ ئاستا قىزىقىشقا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا يوشۇرۇن ياردەم قىلىدۇ.

ئۇنىڭغا غەۋۋاسلار كىيىمى كىيىۋېلىپ تاش ساراي ئىدىكى قۇدۇقنىڭ تېگىگە بېرىش، قۇدۇقنىڭ تاملىرىدىكى

تاش قىرلارغا دەسسەپ يۇقىرىغىراق چىقىپ، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەنكى تۇرمۇشلىرى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى شەرت ـ شارائىتلىرى توغرىسىدا قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاش قىيىنغا چۈشمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئامېرىكىدا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش بولغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارالدا ئىپادىلىگەن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە ئىتتىپاقلىشىپ دوستانە ئۆتۈش روھى كاپىتان نېمونى قىزىقتۇرىدۇ. ئىتنى ئۆڭكۈرگە ئاپىرىپ قويۇپ، سايرىس سىمىتنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانمۇ؛ ئۇلارغا ئېھتىياجلىق نۇرغۇن بۇيۇملارنى چوڭ ساندۇقتا قاچىلاپ، ئۇنى ئولجا تۇمشۇقىغا چىقىرىپ قويغانمۇ؛ قولۋاقنى «تەشەككۈر دەرياسى»غا سۆرەپ ئەۋەتكەنمۇ؛ تاش سارايدىن ئارغامچا شوتىنى تاشلاپ بەرگەنمۇ؛ خەت يېزىپ بوتۇلكىغا سېلىپ، ئايرتوننىڭ تابور ئارىلىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانمۇ كاپىتان نېمو؛ دېڭىز بوغۇزىغا تورپېدا قويۇپ بېرىپ، قوش ماچتىلىق كېمىنى پارتلىتىۋەتكەنمۇ كاپىتان نېمو؛ خارىبېرتقا خىنىن سۇلفات پاراشوكى يەتكۈزۈپ بەرگەنمۇ كاپىتان نېمو؛ ئاخىردا قاراقچىلارنى سىرلىق ئېلېكترون ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەنمۇ كاپىتان نېمو ئىدى. قارىغاندا، سىرلىق كۆرۈنىدىغان شۇنچە كۆپ

ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نېمو ئۆزى يالغۇز يوشۇرۇن قىلغانىدى.

تەركىدۇنيا بولغان بۇ ئادەم ئۆزىگە ئەجەلنىڭ يې-قىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھايات مۇساپىسىنىڭ ئاخىر-لىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزى غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشنى بەرگۇسى كېلىپ، قوتان بىلەن «نائۇتىلۇس» ئارىلىقىغا سىم تارتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتقانىدى. كاپىتان نېمو ئۆز تارىخىدىن سايرىس سىمىتىنىڭ خەۋەردار ئى-كەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى بىلگىنىدە، ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى.

كاپىتان ئاخىرقى ماغدۇرىنى يىغىپ قەددىنى سەل رۇسلاپ، ئىنتايىن پەس ئاۋازدا دېدى:

— مەن ئەتە جان ئۈزىمەن، مەن مۇشۇ يەردە جان ئۈزىمەن، شۇڭا ئاخىرقى تەلىپىمنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋەدە قىلىڭلار، سىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ جاۋابى شۇ بولسۇن. مەن ئەتە جان ئۈزىمەن، «نائۇتىلۇس» مې-نىڭ قەبرەم ھەم تاۋۇتۇم بولسۇن، مېنىڭ دوستلىرىم-نىڭ ھەممىسى دېڭىز ئاستىغا دەپنە قىلىندى، مېنىڭ-مۇ شۇ يەردە ياتقۇم بار. «نائۇتىلۇس» چىقىش يولى توسۇلۇپ قېلىپ مۇشۇ ئۆڭكۈرگە قامىلىپ قالغان، سىلەر «نائۇتىلۇس» تىن كېتىدىغاندا سىرتتىكى قاپقاقنى

تاقاپ قويۇشلار، ئاندىن سۇ كىرىش تاقىقىنى ئېچىۋې-تىشلار، ئۇ مۇشۇ يەرگە چۆكۈپ كەتسۇن، مېنىڭ جە-سىتىم مۇشۇ يەردە قالسۇن... سىز ھەمراھلىرىڭىز بىلەن ئاۋۇ ساندۇقنى ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە نەچچە مىليون پۇلغا يارايدىغان قىممەتلىك بىرلىيانتلار بار، يەنە ھەمراھلىرىم بىلەن دېڭىز تەكتى-دىن يىغقان ئۇنچە - مەرۋايىتلارمۇ بار.... بۇ بايلىقلار كۇنلەرنىڭ بىرىدە.... سىلەرنىڭ ياخشى ئىش قىلىد-شىڭلارغا توغرا كەلگەندە.... ئېھتىياجىڭلاردىن چىقىدۇ.

— سىلەر ساندۇقنى ئېلىپ زالدىن چىقىپ، ئىشىك-نى يېپىپ قويۇڭلار، ئاندىن «نائۇتىلۇس» نىڭ ئۇستىگە چىقىپ تاشقىرىقى قاپقاقنى بۇراپ ئېتىۋېتىڭلار....

— دېگىنىڭىز بويىچە قىلىمىز، كاپىتان، — دېدى سايرىس سمىت.

كاپىتان نېمو ھوشىغا كەلگەندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىدەك چاقناپ تۇراتتى. بوۋاي بۇرۇنقىدەك كۈلۈمە-سىرەپ قويدى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— ئەپەندىلەر.... سىلەر باتۇر، ساپ دىل، سادىق، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىكەنسىلەر.... سىلەرنى خېلى ۋاقىت-تىن بېرى كۆزىتىپ كەلدىم.... سىلەرنى ھېلىمۇ ياخ-شى كۆرىمەن.... قولىڭىزنى بېرىڭا... سمىت ئەپەندى....

سايرىس سىمىت قولىنى كاپىتانغا سۇندى، كاپىتان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ تاپىلىدى. ئاخىردا كاپىتان نېمو ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى، ئۇ ئاشۇ ھالىتىدە جان ئۈزۈشنى خالىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئاخىرقى تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

تۈن كېچە، كاپىتان نېمو جىمجىت ياتقان پېتىچە جان ئۈزدى. كۆپچىلىك يىغا ـ زار قىلىشتى، قايغۇ ـ ھەسرەتتە ئۇنىڭ يېنىدا تىزلاندى. ئاخىردا كاپىتان نېمو ئۆزلىرىگە خاتىرە سۈپىتىدە سوۋغا قىلغان — ئىچىگە تۈگمەس بايلىق قاچىلانغان ساندۇقنى ئېلىپ، «نائۇتىلۇس» تىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار «نائۇتىلۇس» نىڭ ئىچىگە بىر تامچە سۇمۇ كىرمىگۈدەك قىلىپ تاشقىرىقى قاپقاقنىڭ ئاغزىنى بۇراپ ئېتىۋەتتى، ئاندىن ئۇلار قولۋاققا چۈشۈپ، كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە باردى. ئىككى تاقاقنى ئاچقاندىن كېيىن، سۇ ساقلىغۇچقا لىق سۇ تولدى، «نائۇتىلۇس» ئاستا ـ ئاستا چۆكۈپ، ئاخىر سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك چىراغ نۇرى دېڭىز سۈيىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئاخىردا چىراغ نۇرىمۇ غايىب بولدى. «نائۇتىلۇس» چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدىن ئورۇن ئالدى.

# 23

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئەتىگەن سائەت 9 بولاي دېگەندە تاش سارايغا قايتىپ كەلدى. ئىلگىرى دېيىش- كەنلىرى بويىچە كېمە ياساش سۈرئىتىنى تېزلىتىش زۆرۈر بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، سايرىس سىمىت بۇ ئىشقا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىنى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. كەلگۈسىنى مۆلچەرلەشكە بولمايتتى. قاتتىق بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلەي- دىغان، ھەتتا زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئۇزاق سەپەرگە ئات- لىنىشقا يارايدىغان كېمە ياسىۋېلىشسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقىي قۇتقۇزغۇچى بولۇپ قالاتتى. ئۇلار كېمە ياسى- لىپ پۈتۈشى بىلەنلا لىنكولىن ئارىلىدىن كېتىپ، تىنچ ئوكياندىكى پولىنېزىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ خا- لىغان بىر ئارىلىغا ياكى يېڭى زېلاندىيە قىرغاقلىرىغا بېرىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، ھېچبول- مىغاندا ئايرتونغا مۇناسىۋەتلىك خەتنى ئاپىرىپ تاشلاش ئۈچۈن تابور ئارىلىغا بېرىپ قايتقان بولاتتى. بۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ئىدى، چۈن- كى، شوتلاندىيە ساياھەت كېمىسى شۇ ئەتراپتىكى دېڭىزغا چوقۇم كېلىدۇ دېگەن ئۈمىد بولغاچقا، بۇ ئىشقا سەل قاراشقا بولمايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كېمە ياساشقا جىددىي تۇتۇش قىلىندى. ئۇلار باشقا جىددىي ئىش چىقىپ قالمىسىلا، كېمە ياساشنى تېزلەشتۈردى. 1868 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كېمىنىڭ غول جاھازلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ، بىرىنچى تۇركۇم تاختايلىرى مىخلىنىپ بولدى. بىر قاراپلا كېمىنىڭ ياخشى ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

1869 ـ يىلى 1 ـ يانۋار كۈنى پەۋقۇلئاددە دەھشەتلىك جۇدۇن بولدى، دەرەخلەرگە چاقماق چۈشۈپ، بەزىلىرىنى ئۆرۈۋەتتى. 3 ـ يانۋار كۈنى خاربېرت ئەتىگەندىلا يانار تاغ ئاغزىدىن بۇخسۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىسنى كۆرۈپ قالدى. سايرېس سىمىت فرانكلىن تېغىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قويۇق تۈتۈنگە نەزەر تاشلىدى، ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش بولغانىدى، يانار تاغقا ئوت تۇتاشقانىدى. ئۇلار يانار تاغنىڭ پارتلاش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى.

— دوستلىرىم، — دېدى سايرېس سىمىت قەلبىدىكى ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا، — لىنكولىن ئارىلى يەر شارى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، تەڭ يوقىلىدىغان ئاراللاردىن ئەمەس، ئۇ پات يېقىندا گۇمران بولىدۇ. ئۇنىڭ يوقىلىش سەۋەبىمۇ ئارالنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى ئامان ساقلاپ قېلىشنىڭ ھېچقانداق چارىسى يوق! كاپىتان نېمو بىلەن ئىككىمىز سۆزلەشكەندە بۇ ئىشنى ئۇ ماڭا ئېيتقانىدى. لىنكولىن

ئارىلى تىنچ ئوكياندىكى باشقا ئاراللارغا ئوخشىمايدۇ، كاپىتان نېمو: «ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولغانلىقتىن، ھامان بىر كۈنى گۇمران بولىدۇ» دېگەنىدى.

— كاپىتان نېمو! — ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ھەيران بولۇپ تەڭلا ۋارقىراشتى.

— شۇنداق، بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا بىز ئۈچۈن قىلغان ياردىمى!

— ئاخىرقى ياردىمى؟! — دېدى پېنكروف، — ئاخىرقى قېتىملىق، قاراڭلار، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بىز ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى ئويلاپ قويۇپتىكەن!

— پېنكروف، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى سايرېس سىمىت، — بۇنى كاپىتان نېمو بۇرۇنلا سەزگەن، ئۇنىڭ خۇلاسىسى ئەنە شۇنداق، تۈنۈگۈن داككار ئۆڭكۈرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مەنمۇ شۇ خۇلاسىگە كەلدىم. ئۇ ئۆڭكۈر ئارالنىڭ ئاستىنى بويلاپ دەل يانار تاغنىڭ ئۆزىگىچە بارىدىكەن، ئۆڭكۈرنى يانار تاغنىڭ مەركىزىي ئۆتۈشمىسىدىن ئۇنىڭ ئارقا تېمىلا ئايرىپ تۇرىدىكەن. ھالبۇكى، بۇ تاش تاملاردا يېرىق چاكلار كۆپ، بۇ يېرىق چاكلار ئىچكى بېسىم تەسىرى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ، تام يېرىلىشقا باشلايدۇ، يانار تاغنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۈڭگۈرت گازى ئەنە شۇ چاك ـ يېرىقلار ئارقىلىق ئۆڭكۈرگە كىرىدۇ. دېڭىز

سۇيى تاش تامدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەركىزىي ئۆ-تۇشمە ئارقىلىق قايناپ تۇرغان ماگمىغا ئارىلىشىدۇ، شۇ چاغدا پۇتكۇل ئارال پارتلايدۇ.

لىنكولىن ئارىلى بەربات بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. شۇنچە گۈللەنگەن ئارال يوقىلىش ئالدىدا تۇراتتى! ئۇلار بۇ ئارال ئۈچۈن سەرپ قىلغان شۇنچە كۆپ ئەجىر، شۇنچە كۆپ ئەمگەك بىكارغا كېتىۋاتاتتى! ئۇلار چىداپ تۇرالماي يىغلاپ كېتىشتى. شۇ تاپتا كېمە ياساش ئىشى مىنۇت، سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەنمەكتە ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ قۇتۇلۇپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئىدى! شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىردەك غەيرەتكە كېلىپ ئىشقا كىرىشتى.

23 ـ يانۋار كېچىسى ئادەمنى شۈركەندۈرگۈدەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئارال گۇمران بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، تاش سارايدىن يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىشتى. ئاسماننى ئوت يالقۇنى قاپلىغانىدى، يانار تاغنىڭ يۇلۇنۇپ كەتكەن چوققىسى ئېگىزلىكى مىڭ فۇتقا يېتىدىغان چوققا ئا-رالغا يېنىپ چۈشتى. قايناپ تۇرغان لاۋا ئارالنىڭ جە-نۇبىي ۋە شەرقىي قىسمىنى بېسىپ كەتتى، تۇتۇن ۋە يانار تاغ كۆلى ھاۋادىكى ھورغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، ئارال ئاسمىنىدا يانار تاغ پارتلىغاندا چىققان گۈركىرىگەن

ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاغ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوت ئارىلاش تاشلار ئاسمانغا ئۇچتى ـ دە، بوشـ لۇقتا پارتلاپ كەتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، لىنكولىن ئارىلىنى دېڭىز سۈيى بېسىپ كەتتى.

## 24

ئۇزۇنلۇقى 40 فۇت، كەڭلىكى 15 فۇت كېلىدىغان بىر چوققا سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ يەككە ـ يېگانە تۇ- راتتى، ئوكيان دولقۇنىنىڭ رەھمى كېلىپ، پارتلاپ كەتكەن لىنكولىن ئارىلىدىن قالدۇرغان قۇرۇق يەر پە- قەت مۇشۇلا ئىدى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ھەم- مىسى مۇشۇ چوققىدا ئىدى. پارتلىغاندىكى ھاۋا دولقۇنى يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، ئۇلار بىراقلا دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققاندا بۇ چوققىنى كۆرۈپ، ئۈزۈپ كېلىپ بۇ چوققىغا چىقىۋالغانىدى. ئۇ- لار بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ چوققىدا تۇردى. تاش سارايدىن ئاچىقىۋالغان بىرئاز يېمەكلىك، قىيا تاش ئويمانلىقىغا يىغىلىپ قالغان ئازراق يامغۇر سۈيى ئۇ بىچارىلەرنىڭ قولىدا قالغان نەرسە ـ كېرەكلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى يوققا چىقتى. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كۈچ ـ مادارىدىن ئايرىلىپ چوققىدا هال- سىزلىنىپ ياتاتتى، پەقەت ئايرتونلا ئاندا ـ ساندا پۈتۈن

كۆچىنى يىغىپ بىشىنى كۆتۈرۈپ، ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى چۆلدەرىگەن دېڭىز يۈزىگە تىكىپ قاراپ قوياتتى.... ئەتىگەندە ئايرتون بىردىنلا ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، دېڭىزغا قاراپ قولىنى سوزدى. ئۇ بىر كېمە ئىدى!

15 كۈندىن كېيىن ئىنژېنېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلدى. كاپىتان نېمو سوۋغا قىلىپ بەرگەن ساندۇقتىكى بايلىقنىڭ كۆپ قىسمى ئايوۋا شتاتىدىن يەر سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىندى. ئۇلار بۇ يەردە جاپالىق ئىشلەپ، ئەمگەك شارائىتى، بەختلىك تۇرمۇش، باياشات مۇھىت ياراتتى، لىنكولىن ئارىلىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ماكانغا جايلاشتى. بۇ جايدا يېڭى بىر ئولتۇراق ماكان بەرپا بولدى. ئۇنىڭغا تىنچ ئوكيان دولقۇنلىرى ئاستىدا قالغان لىنكولىن ئارىلىنىڭ نامى قويۇلدى، بۇ يەردىكى دەرياغا تەشەككۈر دەرياسى دەپ، تاغقا فرانكلىن تېغى دەپ، كىچىك كۆلگە گرانت كۆلى دەپ ئات قويۇشتى، شۇنداق قىلىپ، بۇ جاي قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدەك بولدى. ئۇ يەردە ئىنژېنېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا قەسەمياد قىلىشتى. يېڭى ماكانغا جايلاشقانلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىدەك ئىناق ۋە بەختلىك ھايات كەچۈردى. ئۇلار ئەمدى تىنچ ئوكياندىكى ئارالنى، شۇ ئارالدىكى

تار ـ ئۇزۇنچاق گرانىت تاشنى، ئىنچ ئوكيان دولقۇنلىرى ئۇرۇلۇپ تۇرغان يەككە ـ يېگانە قىيا تاش تۆپىلىكنى، كاپىتان نېمونىڭ قەبرىسى بولۇپ قالغان ئارالنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«سىرلىق ئارال» — بىر توپ بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قاقاس ئارالدىكى تۇرمۇشى ۋە كەچۈر-مىشلىرى توغرىسىدىكى ھېكايە. بۇ ھېكايە ئامېرىكى-نىڭ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى 1865 - يى-لىدىن باشلىنىدۇ، جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋىدا قالغان رىچموند شەھرىدىكى شىماللىق بەش كىشى تاسادىپىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىدروگېن قاچىلانغان ھاۋا شارىغا چۈشۈپ قېچىپ، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قال-دۇرىدىغان قاتتىق بوراندا بەش كۈن يۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدىن نەچچە مىڭ دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى قاقاس ئارالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئارال جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى يەككە - يېگانە كىچىك ئارال بولۇپ، نورمال دېڭىز يولىدىن يىراق، دېڭىز قاتنىشى خەرىتىسىدىمۇ ئۇنىڭ نامىنى تاپقىلى بولمايدۇ. كىتابتىكى باش قەھ-رىمانلاردىن ئىنژېنېر، مۇخبىر، دېڭىزچى، نېگىر ۋە بالا بار، بۇ 19 - ئەسىردىكى ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرى ئى-چىدە كۆپ ئۇچرايدىغان رولنىڭ بىرىكمىسى.

ئاسماندىن چۈشكەن بۇ بەش كىشى ھەقىقىي بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مىڭ تەستە بوراننىڭ خېيىمخەتىرىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ قاقاس ئارالغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق، بارى – يوق مۇلكى ئىككى دانە قول سائىتى، بىر خاتىرە، بىر قاپ سەرەڭگە ئارقىلىق يېقىلغان ئوت بۇ كىچىك ئارالغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يامغۇردا ئۆچۈپ قالىدۇ. ئۇلار بارلىق تۇرمۇش مەنبەسىگە پەقەت ئارالدىنلا ئېرىشىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچ نەرسە يوق. بۇ كىچىك كوللېكتىپ مەدەنىيەتلىك 19 – ئەسىردىن ئۇشتۇمتۇت تاش قوراللار دەۋرىگە قايتىپ كەتكەندەك بولىدۇ، ھۇرۇنلار ئۆلمەي قالمايدىغان بۇ جايدا ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل – پاراسىتىگە تايىنىپ ئىشنى باشتىن باشلاپ، ئەڭ ئاددىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. «ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلسا، كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ»، شاد – خۇرام ياشاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر بۇ مەشھۇر ھېكمەتنىڭ سالمىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى قانداق چۈشەنسۇن؟

ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار روبىنزونچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر قۇرۇق قولى ئارقىلىق قاقاس ئارالدا ئۆزىنىڭ

بېغىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى گۈللەتتىدۇ، ئۇلار لىنكولىن ئارىلىنى ماكانلاشقاندا مۇۋاپىق يېپىپېڭى ئىللىق ئائىلىگە ئايلاندۇرۇپ، مۇتلەق قاقاس، نامراتلىق ئىچىدە نىسپىي ئاۋاتلىق، مەمۇرچىلىق يارىتىدۇ. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ لىنكولىن ئارىلىدىكى ئىگىلىك تىكلەش تارىخى ھەممە مەۋجۇداتلاردىن ئەقىللىق بولغان ئىنسانلارنىڭلا تەبىئەت بىلەن ئېلىشالايدىغانلىقىنىڭ جانلىق سۈرىتى ھېسابلىنىدۇ. ژيۇل ۋېرن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بايقىيالايدىغانلىقى ھەمدە يوق تەڭرىگە چوقۇنۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ھەقىقەتەن تەس بولغان بۇ دۇنيادا توختىماي ئىلگىرىلەيدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن سانسىز ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم - پەن بەدەلىگە جۇغلىنىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقى، شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئابرۇي - ئىناۋىتىنى تىكلەپ، بۇ دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، تەبىئەتتىكى پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقتىن ئەركىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېچىپ پايدىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ژيۇل ۋېرن پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ، لىنكولىن ئارىلىنى ماكان قىلغۇچىلارمۇ ئىنسانلار جۇغلىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە تايىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇ ئارالنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىدۇ.

«سىرلىق ئارال»دىكى سايرۇس سىمىت يېتىلگەن بىر ئالىمنىڭ مۇكەممەل ئوبرازى بولۇپ، ئۇ شۇ زاماننىڭ بارلىق تېخنىكا پەنلىرى بىلەن ئاساس پەنلىرىنى پىششىق بىلىدۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرى بۇ پەنلەر ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بارلىق كۈچ ـ قۇدرەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەقىقەتەن، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارلا ئەمەس، ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆزىمۇ سايرۇس سىمىتتىن ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان پەنگە دائىر نۇرغۇن بىلىمنى ئۆگىنىۋالىدۇ (ئەلۋەتتە بىزمۇ خاربېرتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىرمۇنچە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز)، بىز بىردەم تامچى، بىردەم پولات تاۋلاش ئىشچىسى، بىردەم خىمىك بولىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ژيۈل ۋېرننىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئىنسانىيەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي جەريانىنى ئەسكە ئالغاندەك بولىمىز، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق ۋە شادلىق ھېس قىلىمىز.

قاقاس ئارالدىكى بۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلار مانا ئەمدى ھەممە نەرسىسى تەخ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. گەرچە ئۆزلىرى بەرپا قىلغان بۇ يېڭى دۇنيانى ياقتۇر-

سىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن نەرسىسى — ئائى- لىسى، دوست - يارەنلىرى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىپ قې- لىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارالدا ئارقا - ئارقىدىن ئۇزۇلمەي يۈز بەرگەن چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بىر قانچە قېتىملىق غەلىتە ۋەقەلەر ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، سىرلىق كەيپىيات ئارالنى ماكان قىلغۇچى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالىدۇ. ئارالدا تۇرغان ئۈچىنچى يىلى قىش كېتىپ باھار كەلگەندە، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بىر كېمىنىڭ لىنكولىن ئارىلىغا قاراپ كېلىۋاتقانلى- قىنى ئاخىر بايقايدۇ. بەختكە قارشى، ئۇ كۆيىدۇرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كېمىسى بولۇپ چىقىدۇ. دېڭىز قاراقچىلىرى ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنى قورشىۋالىدۇ. خەتەرلىك پەيتتە مۆجىزە يۈز بېرىدۇ. سىرنىڭ يېشىلىش ۋاقتى ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ! «سىرلىق ئارال» نىڭ سىرى ئاخىر ئاشكارىلىنىدۇ. ئەسلىدە ياخشى نىيەتلىك بىر سىرلىق ئادەم لىنكولىن ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېڭىز تەكتىدىكى ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتقان بولۇپ، دولقۇن قايتقاندىلا ئاندىن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۆڭكۈردە بىر ئىچكى كۆل بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر سۇ

ئاستى كېمىسى توختىتىپ قويۇلغان. ئىنژېنېر ۋە ئۇ-
نىڭ ھەمراھلىرى سۇ ئاستى كېمىسىگە چىقىپ،
سەكراتتا چۈشۈپ قالغان كاپىتان نېمونى كۆردى.

ئۇ ئەسلىدە ھىندىستانلىق شاھزادە بولۇپ، ئەنگلى-
يىنىڭ ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلىدىغان تاجاۋۇز-
چىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان،
بۇ كۈرەش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىسمىنى ئۆز-
گەرتىپ، 30 يىللىق ھاياتىنى دېڭىز تەكتىدە ئۆتكۈز-
گەن، ئاخىردا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى لىنكولىن
ئارىلىدا قېلىپ تىنچ ئۆتكۈزمەكچى بولغان. ئارالنى
ماكان قىلغۇچىلار بۇ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ
ھېچقانداق نەرسىسى بولمىغان بۇ بالايىئاپەتكە ئۇچرى-
غۇچىلارغا ئىنچىكە دىققەت قىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ
سەممىي، باتۇر، ئۆم ۋە دوستانە ئۆتىدىغانلىقى، ھەرى-
كىتىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېس-
داشلىقى ھامان ئۇنىڭ خەتەرلىك پەيتتە ئىختىيارسىز
ياردەم قولىنى سوزۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ غەۋۋاسلار
كىيىمىنى كىيىپ، ھېچقانچە قىينالماستىن دېڭىز
تەكتى بىلەن تاش ساراي ئىچىدىكى سۇ قۇدۇقىغا كې-
لەلەيدۇ. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار كاپىتان نېمونىڭ
ئارزۇسىنى ھۆرمەت ۋە تەشەككۈر ھېسسىياتى بىلەن ئادا
قىلىپ، «نائۇتىلۇس» ناملىق سۇ ئاستى كېمىسىنى

ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان دېڭىز تەكتىدە مەڭگۈلۈك تىنچ قالدۇرىدۇ.

كاپىتان نېمو ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەر تەك- تىدىن چىققان گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز يانار تاغنىڭ پارتلاشقا ئاز قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئا- رالنى ماكان قىلغۇچىلار يىراققا قاتنىيالىغۇدەك بىر كېمە ياساشقا جىددىي تۇتۇش قىلىدۇ. ھالبۇكى، كېمە سۇغا چۈشكۈدەك بولغىچە قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بېرىدۇ. يانار تاغنىڭ پارتلىشى گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى تۇراقسىز بولغان لىنكولىن ئارىلىنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كىچىك ئارال شۇ ھامان پارچە ـ پارچە بولۇپ، پارتلاش ساداسى ئىچىدە قاباھەتلىك چۈش- تەك غايىب بولىدۇ ـ دە، پەقەت سوزۇنچاق بىر پارچە چوققىلا قالىدۇ. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار بۇ چوققىغا چىقىۋالىدۇ، ئۆزلىرى ياراتقان ۋە ئىگە بولغان بارلىق تۇرمۇش مەنبەلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئەھۋالىمۇ ئۇلار دەسلەپ قاقاس ئارالغا كېلىپ قالغاندىكىدىنمۇ ناچار بولىدۇ. قارىغاندا، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتكەندەك قىلاتتى. مەيلى ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك كەشپىياتلىرى نەقەدەر ئېسىل بول- سۇن، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى كىشلەرنى نەقەدەر ھەي- ران قالدۇرسۇن، ئاخىرغا كەلگەندە رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ

كۆچ ـ قۇدرىتى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە غەيرىتى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى چەك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلاردا تەبىئەتنى ئىدارە قىلالايدىغان چەكلەش كۈچى مەڭگۈ بولمايدۇ، تەبىئەت ئاتا قىلغان ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، مىنېراللار ئادەتتىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن قاتتىق باش قاتۇرۇپ، بارلىق ئەقىل ـ پاراستىمىزنى ئىشقا سېلىپمۇ، ئۇلارنى ئىجاد قىلالمايمىز. بىراق، ئىنسانلار تەبىئەتتىكى چەكسىز بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئىچىپ پايدىلانسا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ تولۇق ئىشەنچ بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، قەتئىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگىلا توغرا كېلىدۇ، خالاس. شۇڭا، ژيۇل ۋېرن تۇتۇرۇقسىز، ئۈمىدسىزلىككە چوقۇنغۇچى ئەمەس، ئۇ «سىرلىق ئارال» نىڭ ئاخىرىدا كاپىتان گرانتنىڭ ئوغلىنى «دونكان» غا قوماندانلىق قىلىپ، ئايرتوننى ئېلىپ كېتىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. «دونكان» دىكىلەر تابور ئارىلىدا كاپىتان نېمو قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى تاپىدۇ (يەنىلا شۇ ياخشى نىيەتلىك كاپىتان نېمو!)، ئاخىردا پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن لىنكولىن ئارىلىغا ۋاقتىدا كېلىپ، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

ژيۇل ۋېرن ئۆزىنىڭ «سىرلىق ئارال» دېگەن بۇ

ھېكايىسىدە «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» دىكى ئايرتوننى قايتىدىن كۆرسىتىدۇ، ئوقۇرمەنلەر يەنە «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ مىللىق سەپەر»دە بايان قىلىنىدىغان مەشھۇر كاپىتان نېمونىڭ ئاخىر قانداق بولغانلىقىنى بىلىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان ئۈچ رومان (ھېكايە) ئۆزلىرىدىكى بەزى پېرسوناژلارغا چېتىشلىق بولغان تۈگۈنلەر «سىرلىق ئارال» نىڭ ئاخىرىدا يېشىلگەچكە، ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن، ژيۇل ۋېرننىڭ ئىلمىي فانتازىيە — ئېكسپېدىتسىيە ھېكايىلىرىدىكى ئەڭ مەشھۇر ترىلوگىيىنى شەكىللەندۇرگەن. ژيۇل ۋېرن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق يازىدۇ؟ ئېھتىمال ئۇ ئايرتون بىلەن كاپىتان نېمونىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنى مۇكەممەل بايان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قاندۇرماقچى بولغان بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ يەنە باشقا پەرەزلىرىمىزمۇ بار.

بىز بۇ ئۈچ ئەسەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بىر خىل يوشۇرۇن ئىدىيىنى غىل ـ پال بايقىيالايمىز، ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ ياشاش ھالىتىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. ئايرتون ئۇزۇن مۇددەت تەنھا يۇرۇپ ئادىمىيلىكىنى يوقاتقان، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىنسانغا خاس ئاجىز نۇرلا قالغان. كاپىتان نېمو ھەرقانداق

ئېزىلىشكە قارشى ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلغۇچى، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى مەنسىتمەيدۇ، ئەمما يەنە بۇ ئىنسانلارنى ئىنچىل ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ تۈرلۈك ئادالەتسىز ھەرىكەتلەرگە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ۋاز كېچىش شەكلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ تەنھالىقتا يۈرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپالمايدۇ. ئۇ «سىرلىق ئارال»دا مۇنۇلارنى ئاشكارا ئىپتىراپ قىلىدۇ: «ئەل - يۇرتتىن يىراق جايدا يالغۇز ياشاش ئاسان ئەمەس، ئىنسان بۇنىڭغا چىدىمايدۇ..... مەن يەككە - يېگانە ياشاشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشىنەتتىم، ئۆلۈپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك.» بىپايان ئالەم بوشلۇقى، بىپايان تەبىئەتتىكى خىلمۇخىل ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا، ئىنسانلار جەمئىيىتى ياشاش جەھەتتە دۇچ كەلگەن غايەت زور بېسىم ئالدىدا، شەخسنىڭ كۈچ - قۇدرىتى دېگەن گەرزىمەس نەرسىدۇر. ھەربىر ئادەم ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشى كېرەك، ئىناق - ئىتتىپاق بولغاندىلا چەكسىز قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىنسانلار دۇچ كەلگەن تىراگېدىيىگە تاقابىل تۇرالايدۇ. لىنكولىن ئارىلىدىكى بەش نەپەر باش قەھرىمان ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزگەرمەي كەلگەن بۇ ھەقىقەتنى، يەنى پەقەت ئادەملەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنچ - مېھرىبانلىق، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، ياردەمنىڭلا ھايات دولقۇنلىرىدا

مەڭگۈ بۇزۇلمايدىغان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى بولالايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراك يۇكسەك ئورۇنغا قويۇلغان 19 ـ ئەسىردە، ژيۇل ۋېرن كاللىسىنى ئىنتايىن سەگەك تۇتقان، ئۇ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ماختاش بىلەن بىللە، ئىنسان-نىڭ ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى ئەستە چوڭقۇر ساقلاش لازىملىقىنى سەممىزگە سالىدۇ. دەر-ۋەقە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تىرىشچان-لىقى ئارقىلىق بۇ چەكلىمىلەرنى قىسمەن يوقىتال-سىمۇ، لېكىن بۇ چەك بەرىبىر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي ئۇستۇنلۇكى تەبىئەتنى ئىدارە قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇشىدا ئەمەس، بەلكى تەبى-ئەتنى چۈشىنىش، ئۇنى مۇۋاپىق ئىچىشىدا ئىپادىلىنى-دۇ. ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ھالقىپ ئۆتۈپ كې-تىشكە بولمايدىغان چەك مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ھەرگىزمۇ بىكارغا كەت-مەيدۇ، چۈنكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كۆرسە-تىلگەن بۇ تىرىشچانلىقلار چەكسىز نەتىجىلەر ئۇستىگە مەڭگۈلۈك تىزىلىپ تۇرىدۇ، كەلگۈسى ھامان ئۆتكەنكى جاسارەت ۋە كۈرەشنىڭ داۋامىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

سىرلىق ئارال يوقىلىدۇ، ئەمما «سىرلىق ئارال»نى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىكى شادلىق شۈبھىسىزكى،

ئۆزاقىقچە كەتمەيدۇ. مۇنەۋۋەر بىر يازغۇچىنى بەئەينى بىر سېھىرگەر دېيىشكە بولىدۇ، ژيۇل ۋېرن ئۆزىنىڭ ئەستايىدىل رېئالىزملىق تالانتى ۋە مۇرەككەپ، ۋەھىمىلىك ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى توقۇپ چىقىش ۋە بايان قىلىش ماھارىتى ئارقىلىق بىزنى ئۆزى بايان قىلىپ بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا ئىشەندۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بەئەينى راستتەك تۇيۇلىدۇ! ئۇ ئۆزىنىڭ پايانسىز كەڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى خىياللىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىلىم-پەندىن ياردەم تىلەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ خىياللارنى ھامان بىر كۈنى جەزمەن رېئاللىقا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان لايىھىگە كۆتۈرۈش تالانتى بار ژيۇل ۋېرن قىممەتلىك ئەدەبىيات تالانتىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز كۆڭلىدە كۆرۈپ يەتكەن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋېلىشقا يېتەكلەشكىمۇ ماھىر. ئۇ ئۆزى تەسۋىرلىگەن مۇھىتتا ياشىغاندەك قىلىدۇ، ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى شۇ مۇھىتقا باشلاپ كىرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بۇ مۇھىتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىپ، شۇ مۇھىتتا تۇرغاندەك كۈچلۈك تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرىنى ئىجاد قىلىش ئۇسۇلىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خۇددى دائىم يايپېشىل تۇرىدىغان

قارىغايدەك زامانىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇزاققىچە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىرى.

«سىرلىق ئارال» مۇ شۇنداق. ھېكايە 1865 - يىلى 24 - مارت بەش نەپەر باش قەھرىمانىنىڭ قاقاس ئارالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن باشلىنىپ، 1869 - يىلى 24 - مارت قۇتقۇزۇلۇپ قېلىنغانغىچە بولغان جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ تويتوغرا تۆت يىللىق كەچۈرمىشلەرنى پۈتۈنلەي كالېندار تەرتىپى بويىچە قېلىن بىر ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى قىلىپ تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ، ژيۇل ۋېرن ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ماكان قىلىپ تۇرغان لىنكولىن ئارىلىنى ئېنىق ئىلمىي قەلىمى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ، يەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى، يەرنىڭ قىياپىتىدىن تارتىپ ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىشىغىچە، تۆت پەسىل كلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن يانار تاغنىڭ قايتا ھەرىكەتلىنىشىگىچە، شۇنىڭدەك ئاخىرىدىكى ھالاكەتلىك پارتلاشقىچە بولغان كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ نامايان قىلىنىدۇ. رومانىنىڭ ئاخىرىغا لىنكولىن ئارىلىنىڭ ئېنىق خەرىتىسى قوشۇمچە قىلىنغان، ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەر خالىسا، خەرىتىنى قولىغا ئېلىپ ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسە، ئارالنى

ماكان قىلغان بەش كىشى ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇ-
ھىتنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر
قېتىملىق سەپەرگە چىقىشى ۋە ئېكسپېدىتسىيە پائا-
لىيىتى كۆز ئالدىدا جانلىق نامايان بولىدۇ. ئەگەر ئاپتور
لىنكولىن ئارىلىنىڭ يانار تاغنىڭ پارتلىشى بىلەن تەڭ
پارچە ـ پارچە بولۇپ، چۆكۈپ كېتىشىدەك ئاقىۋەتنى تەس-
ۋىرلەپ كۆرسەتمىگەن بولسا، بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز
چوقۇم ئۆزىنى تۇتالماي غەربىي مېرىدىئان ′30 °150 ،
جەنۇبىي پاراللېل′57 °34 قا جايلاشقان جەنۇبىي تىنچ
ئوكياندىكى ئاشۇ كىچىك ئارالنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ
بېقىش ئىستىكىدە خام خىيالغا تولغان بىر قېتىملىق
ئاجايىپ ـ غارايىپ سەپەرنى باشلىۋېتىشى تۇرغان گەپ
ئىدى.

ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە ئېكسپېدىتسىيە
رومانلىرى ئەمەلىيەتنىڭ سىرتىدا تۇرۇشتەك مەڭگۈلۈك
جەلپكارلىققا ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا ئاتلىنىش، كائىنات ۋە
تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەھەتتىكى
قىزىقىش ۋە قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرىدە كۆرسىتىلگەن تەبىئەت كۈچىدىن ئۈنۈملۈك ھەم
مۇۋاپىق پايدىلىنىش دەل ئىلىم ـ پەن، بولۇپمۇ ئەمەلىي
ئىشلىتىلىدىغان پەن يەتمەكچى بولغان نىشاندۇر. ئۇنىڭ

ئەسەرلىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن قىيىنچىلىققا توغرا قارايدىغان، ئۈچرىغان ئوڭۇشسىز-لىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەيدىغان توختىماي ئىلگىرىلەش روھى مەدھىيىلەنگەن، دەل ئىنسانلاردا ئىشەنچ، جاسارەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلارنىڭ مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ئەڭ چوڭقۇر ئىسپاتلانغان. ژيۇل ۋېرن ئەسەرلىرىدىكى تو-قۇلما سەپەر دەل ئىنسانلار ئۈچۈن ئەزەلدىن ئىنتايىن مۇشكۇل بولغان روھىي مۇساپىنىڭ ھەقىقىي نامايان قىلىنىشى ئەمەسمۇ؟

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

19 ـ ئەسىر ئىلىم ـ پەن دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ياۋروپا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، غەرب مەدەنىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. تەبىئىي پەن 17 ـ ئە-سىردىن كېيىن تازا تەرەققىي قىلدى، ماتېماتىكا، فىـ-زىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھە-لەردە مۇھىم تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، گەۋدىلىك بولغىنى ھۈجەيرە تەلىماتى، ئېنېرگىيىنىڭ ئالمىشىش تەلىماتى ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن ئىبا-

رەت بۇ ئۈچ چوڭ مۆۋەپپەقىيەتتىن ئىبارەت. بۇ مۆۋەپ-پەقىيەتلەر كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىن-سانلارنىڭ كائىنات ۋە تەبىئەتكە بولغان قارىشىدا تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىلمىي نەزەرىيىۋى قى-ياس، كونترول قىلىنىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈ-مىدىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىدىن تەركىب تاپقان دەۋر قى-لىشنى تېزلەتكۈچى مېخانىزم شەكىللەندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەڭ ئىلگىرىلەپ، بىر ـ بىرىنى ئالغا سۈرۈپ، ئىلشەپچىقى-رىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ پەيدىنپەي ھور ماشىنىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىشى، لامپۇچكا، تېلېفون، تېلېگرامما، ترامۋاي قاتارلىق بىر قاتار ئېلېكتر ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنى-لەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. 1878 ـ يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا يەرمەن-كىسىدە، فرانسىيە ئۆزىنىڭ رەڭلىك ماكسۋېل ئۇسۇ-لىدىن پايدىلىنىپ ياسىغان ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر كې-لىدىغان رېلىسىنى كۆرگەزمە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزى ياسىغان تېلېفون، پاتېفون ۋە ئۈستەل

چىرىغىنى كۆرگەزمە قىلدى، تىرېكادرو ئوردىسىغا ئور-نىتىلغان ئېدۇ لىفتى 60 مېتىر ئېگىزلىككە چىقالى-دى، بۇ يېڭى كەشپىياتلار ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى پەن - تېخنىكىغا ئەھمىيەت بەردى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگ-لىيە ئالدى بىلەن مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئىشلىرى-نى باشقۇرىدىغان پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ مەخسۇسلىشىشى ۋە كەسپلىشىشى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. ئالىي مەكتەپلەردە ئىلىم - پەن دەرسى ئومۇمىيۈزلۈك تەسىس قىلىندى، ئىلىم - پەنگە مۇناسىپ ھالدىكى ئىنستىتۇت ۋە فاكۇلتېتلار تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. كارخانىلاردا ئارقا - ئارقىدىن تەجرىبىخانا، تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇلار تازا ئەۋجگە چىقىپ، كەسپىي پەن تەتقىقات خادىملىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى. مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلىم - پەنگە ئىشىنىدىغان ئى-لىم - پەن ئېقىمى غەربتە مۇقەررەر يوسۇندا كەڭ ئەۋج ئالدى ھەمدە پەيدىنپەي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىمۇ مۇقەررەر ھالدا بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، چوڭقۇر ۋە تولۇق ئۆزگىرىش پەيدا بولدى.

19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپادا ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالدى، بىراق ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسىنىڭ يۇقىرالار ئارىسىدا ئومۇملىششى دېگەندەك چوڭقۇر بولۇپ كەتمىدى. ژۈلى ۋېرن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىدىن ئىبارەت بۇ ساھەگە جەلپ قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەربىر ئوقۇرمەننى ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە جەلپ قىلماقچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەم ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان، ھەم جەمئىيەت ئۇچۇن ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولغان ئەدەبىيات ژانىرىنى تاپتى، ئۇ بولسىمۇ ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە ئىدى.

ژيۈل ۋېرنىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانچىلىقى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسلىقى ئۇنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە بولغان يۇكسەك سەزگۈرلۈكىدىن كەلگەن. ئۇ ئەپچىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزى تۇرۇۋاتقان دەۋرنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى مول، يېڭى ئىختىرالىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۇرۇپ، ئەدەبىيات

بىلەن ئىلىم ـ پەننىڭ چېگراسىنى بۆسۇپ ئۆتكەن. مەيلى كوسمولوگىيە جەھەتتە بولسۇن ياكى فىزىكا، ماتېماتىكا، خىمىيە جەھەتتە بولسۇن، ژيۇل ۋېرن ئۆز ھېكايە ـ رومانلىرىدا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن خۇلاسە چىقارغانلىقى ئۈچۈن نەتىجىگە ئېرىشەلىگەن، ئۇ ھەمىشە مەلۇم بىر ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئىلمىي مەسىلە ئۈستىدە تەلىم ئالغان، ھەتتا دائىم ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. شۇڭا، ژيۇل ۋېرن ھېكايىلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، رېئاللىق بىلەن بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئىجادىي بىرلەشتۈرۈلگەن، «كەشپىياتلار ئەمەلىيەت ئاساسىغا تىكلەنگەن، قۇرۇلمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ماتېرىياللارنىڭ ئىشلىتىلىشى شۇ دەۋردىكى قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ بىلىم ساھەسىدىن چەتنەپ كەتمىگەن».

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

سايرېس سىمىت: ئىنژېنېر، ماساچۇسېتس شتاتىدىن، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغۇچىلار تەرەپدارى، لىنكولىن ئارىلىدىكى ئاساسلىق شەخس؛ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئۆتكۈر سەزگۈسى ئارقىلىق ئارالدا

ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بىلىم ۋە قابىلىيىتىگە تا-
يىنىپ نۇرغۇن كېرەكلىك سايمانلارنى ياساپ، قاقاس
ئارالنى ئېچىش ئۇچۇن ئاساس سالىدۇ.

گېدىيون سىپىلېت: «نيۇيورك ئاۋانگارتلىرى» گېزى-
تىنىڭ مۇخبىرى، زېھنى تولۇپ تاشقان، ھەرىكىتى
چاققان، باتۇر، قەيسەر ئادەم، كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قى-
لىشقا ماھىر.

ناب: ھۆرلۇككە ئېرىشكەن نېگىر، سايرېس سى-
مىتنىڭ خىزمەتكارى، ئۇ قاۋۇل، ھېچنېمىدىن قورق-
مايدىغان، سادىق، سەممىي ئادەم، شۇنداقلا خوجايىنىغا
ئىنتايىن كۆيۈنىدىغان يىگىت، بالىلار ۋە ھايۋانلار بى-
لەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ماھىر، يەنە كۆزگە كۆرۈن-
گەن ئوۋچى ۋە ئاشپەز.

پېنكروف: دېڭىزچى، قاۋۇل ـ بېجىرىم، يۈرەكلىك،
ھەر خىل خېيىمخەتەرلەرنى كۆرگەن، ھەرقانداق ئىشقا
تەۋەككۇل قىلىشقا تەييار ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا تېڭىر-
قىمايدىغان، شۇنداقلا دېڭىزدا يۇرۇشتە مول تەجرىبىسى
بار، بەزىدە ھەرىكىتى قوپال، ئەمما ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس،
ۋە دادىل، جەسۇر ئادەم.

خاربېرت: پېنكروفنىڭ ئىلگىرىكى كاپىتانىنىڭ
ئوغلى، ئوماق، باتۇر بالا، ئۇ ئەقىللىق، تىرىشچان، قول
سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مول زوئولوگىيە ـ

بوتانىكا بىلىمىگە ئىگە، كۆپىنچە ئارالنى ماكان قىلدۇ-غۇچىلارغا ئوزۇقلۇق تېپىپ بېرىدۇ.

ئايرتون: ئۇزۇن مۇددەتلىك سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچى، ئارالنى ماكان قىلغۇچىلار ئۇنى قۇتقۇزۇۋا-لىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر ياۋايى ئادەمدىن ئۆزلىرىنىڭ سادىق ھەمراھىغا ئايلاندۇرىدۇ.

كاپىتان نېمو: «نائۇتېلۇس» ناملىق سۇ ئاستى كې-مىسىنىڭ كاپىتانى، بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن قەھرىمان، «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ مىللىق سە-پەر»نىڭ باش قەھرىمانى، لىنكولىن ئارىلىنى ماكان قىلغۇچىلارنىڭ شەپقەتچىسى، «ئارال ئىلاھى». ئۇ ئارالنى ماكان قالغۇچىلارغا خالىسانە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بارلىق مۈلكىنى بېرىدۇ، كېيىن سۇ ئاستىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمىدۇ.

توپ: سايرىس سىمىتنىڭ ئىتى، ئۇ سۆيۈملۈك، زېرەك، باتۇر. ئارالنى ماكان قىلغۇچىلارغا نۇرغۇن ياردەم قىلىدۇ ۋە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

يۇپ: ئۆگىتىلگەن ئورانگۇتان. ئۇ ھەرىكىتى چاققان بولۇپ، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ناب بىلەن بىللە ئاشخانىدا ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

# ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى

ژيۇل ۋېرن «فانتازىيە ئاتىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ مەخسۇس ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان 40 نەچچە يىلدا بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىي 80 پارچە رومان ـ ھېكايە يازغان. ئۇنىڭ رومان ھېكايىلىرى 50 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇ دۇنيادىكى ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كۆپ بولغان فانتازىيە يازغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1874 ـ يىلىدىن 1875 ـ يىلىغىچە يېزىلغان «سىرلىق ئارال» ژيۇل ۋېرننىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان رومانلىرى ئىچىدىكى بىرقەدەر مۇھىم بولغان روماندۇر. «سىرلىق ئارال» رومانىدا، ژيۇل ۋېرن «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى»دىكى ئايرتوننى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئوقۇرمەنلەرگە «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ مىللىق سەپەر» دىكى مەشھۇر كاپىتان نېمونىڭ ئاخىر قانداق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ھەرقايسىسى ئۆز

ئالدىغا مۇستەقىل بولغان ئۈچ رومان «سىرلىق ئارال» نىڭ ئاخىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزئارا باغلانغان، شۇنداقلا ژيۇل ۋېرن فانتازىيە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرىدىكى ئەڭ مەشھۇر «ترىلو-گىيە» نى شەكىللەندۈرگەن.

ئوقۇرمەنلەر بۇ روماننى ئوقۇغاندا ئەنگلىيە يازغۇ-چىسى دانىيېل دېفو (Daniel Defoe) نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر ئەسىرى — «روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» نى تەبىئىي ئېسىگە ئالىدۇ. ژيۇل ۋېرن ئۈچۈن ئېيتقاندا، روبىنزونغا ئوخشاش بىر پېر-سوناژنى يارىتىش ئارزۇسى باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭ ئى-جادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمىدۇ. 1851 - يىلى 23 ياشقا كىرگەن ژيۇل ۋېرن پارىژدا دراما ئىجادىيىتىگە بېرى-لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «روبىنزون تاغا»نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تاماملايدۇ، 15 يىلدىن كېيىن ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقىدۇ. «رو-بىنزون تاغا» ھېكايىسىنىڭ ۋەقەلىكى «سىرلىق ئارال» نىڭ ۋەقەلىكى بىلەن زادىلا ئوخشاشمايدۇ، ئۇ «سىرلىق ئارال»دەك كىشىنى جەلپ قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىش-تىن كۆپ يىراق تۇرىدۇ. لېكىن ژيۇل ۋېرن بۇ تېمىدىن ئىرچىل ۋاز كەچمەيدۇ، بەلكى قەتئىي بوشاشماي تىرىش-چانلىق كۆرسىتىدۇ. 1870 - يىلى قىشتا، ئۇ نەشرىيات

سودىگىرى خىسىرغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن روبىنزوننىڭ ھېكايىسىگە كىرىشىپلا كەتتىم. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقەلىكنى تاپتىم! پۈتۈن ئوي ـ خىيالىم شۇنىڭدىلا بولغاچقا، باشقا ئىشلار خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ.» 1872 ـ يىلى فېۋرالدا، «80 كۈنلۈك يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرى»نى تاماملىغان كۈننىڭ ئەتىسى ژيۈل ۋېرن خىسىرغا يەنە خەت يېزىپ: «مەن روبىنزون رومانىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي كۆرۈۋاتىمەن، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ‹سىرلىق ئارال›نى يېزىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىمەن» دەيدۇ.

ژيۈل ۋېرننىڭ فانتازىيە رومانلىرىدىكى خىياللارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلاندى. 1865 ـ يىلى، يەنى «ئاپوللو» ناملىق ئالەم كېمىسى ئاسمان بوشلۇقىغا چىقىرىلىشتىن 100 يىل ئىلگىرى رواندا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى چۈشكەن توپ ئوقىنىڭ ئوخشاش تراپېكتورىيە بويىچە ئايغا قارىتىپ قويۇپ بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان، بۇ ئالەم كېمىسىمۇ ئالىيۇمىنىدىن ياسالغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىمۇ ھاۋانىڭ ئايلانما ئېقىم ھاسىل قىلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن («يەر شارىدىن ئاي شارىغىچە»)؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىلا ئاندىن كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ سۇ ئاستىدا 80 مىڭ كىلومېتىر بىمالال يۈر-

گەنلىكى بايان قىلىنغان («دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ مىللىق سەپەر»)؛ بىز بىر سىرلىق قەلئەدە ئۇنئالغۇ، پروپېكتور ۋە ئەينەك ئېكراننى ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆرىمىز («كارپاتتىكى قەلئە»)؛ بىز يەنە بىر غايىۋى جەمئىيەتنى، ئۇ جەمئىيەتتە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغاندا خەت يوللاش شەكلىدە توك ئارقىلىق پېرېۋوت چېكى ياكى تالونغا ئىمزا قويۇلىدىغانلىقىنى، ۋەز ئېيتىش ۋە مىسسا پائالىيىتىنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغان تېلېفون ئۇسكۇنىلىرى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشتىمۇ ئۆيدىن چىقىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى كۆرىمىز، بۇ بۈگۈنكى تور دۇنياسىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە! («ماشىنا ئارال»)؛ «سىرلىق ئارال» رومانىدىن بىز ژيۇل ۋېرنىنىڭ سۇنىڭ پارچىلىنىشى، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدىغان تۈگىمەس ئېنېرگىيەنى يارانقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىنى ئاڭلايمىز، مانا بۇ بۈگۈنكى ئالىملار ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىلىم ـ پەندىكى قىيىن مەسىلە ئەمەسمۇ؟

ژيۇل ۋېرنىنىڭ رومانىنىڭ جەلپكارلىقى ئۇنىڭ پەن ـ پائالىيىتى كۆز ئالدىدا جانلىق نامايان بولىدۇ. ئەگەر ئاپتور لىنكولىن ئارىلىنىڭ يانار تاغنىڭ پارتلىشى

بىلەن تەڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ، چۆكۈپ كېتىشىدەك ئا-
قىۋەتنى تەسۋىرلەپ كۆرسەتمىگەن بولسا، بىزنىڭ ئو-
قۇرمەنلىرىمىز چوقۇم ئۆزىنى تۇتالماي، غەربىي مېرد-
دىئان 30′ °150، جەنۇبىي پاراللېل 57′ °34 قا جايلاشقان
جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى ئاشۇ كىچىك ئارالنىڭ قاذ-
داقلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە خام خىيالغا
تولغان بىر قېتىملىق ئاجايىپ ـ غارايىپ سەپەرنى باش-
لىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ژيۇل ۋېرننىڭ ئىلمىي فانتازىيە ئېكسپېدىتسىيە
رومانلىرى ئەمەلىيەتنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋشتەك مەڭگۈلۈك
جەلپكارلىقىغا ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇرمەذ-
لەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا ئاتلىنىش، كائىنات ۋە
تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەھەتتىكى
قىزىقىش ۋە قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرىدە كۆرسىتىلگەن تەبىئەت كۈچىدىن ئۈنۈملۈك ھەم
مۇۋاپىق پايدىلىنىش دەل ئىلىم ـ پەن، بولۇپمۇ ئەمەلىي
پەن يەتمەكچى بولغان نىشاندۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە
ئىنسانلارنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن قىيىنچىد-
لىقىقا توغرا قارايدىغان، ئۈچرىغان ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا
بەل قويۇۋەتمەيدىغان توختىماي ئىلگىرىلەش روھى مەد-
ھىيىلەنگەن، دەل ئىنسانلاردا ئىشەنچ، جاسارەت ۋە ئە-
قىل ـ پاراسەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ئەڭ چوڭقۇر ئىسپاتلانغان. ژيۇل ۋېرن ئەسەرلىرىدىكى توقۇلما سەپەر دەل ئىنسانلار ئۈچۈن ئەزەلدىن ئىنتايىن مۇشكۇل بول- غان روھىي مۇساپىنىڭ ھەقىقىي نامايان قىلىنىشى ئە- مەسمۇ؟

تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ھۆكۈملىرى ۋە تەھلىللىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان قىزى- قىشى ۋە تەسىراتىنى ئاجايىپ پىشقان قەلىمى بىلەن جانلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشىدىمۇ ئىپادى- لىنىدۇ. يازغۇچى ئۆز ھاياتىدا پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن قىزىققان. ئۇزلۇكسىز كۆچىيىپ بارغان بۇنداق بىلىم ئېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاجرىتىپ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان مول كىتابلارنى كۆرۈپ، كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال توپلىشىغا تۈرتكە بولغان، ئۇ جەمئىي 20 نەچچە مىڭ كارتا يازغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈزۈپ قويمىغان.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY1MjEuemlw",
  "filename_decoded": "40326521.zip",
  "filesize": 10383303,
  "md5": "b32b880d90c8e4953c8a49ab394dca67",
  "header_md5": "36bcdbf31c815096e29cd43d734737f4",
  "sha1": "055b0a686bbcf60b3fc43684005fd809d00fa9d2",
  "sha256": "020cfc65586d3a302e8351542bb1a75952298136cf83e4faf95f672b6f631c68",
  "crc32": 2725748463,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 10677999,
  "pdg_dir_name": "\u2554\u00b1\u251c\u256a\u2561\u2551 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326521",
  "pdg_main_pages_found": 199,
  "pdg_main_pages_max": 199,
  "total_pages": 207,
  "total_pixels": 588227456,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}